
بسم الله الرحمن الرحيم
واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
المسلم الصيني
2
1997
مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇبىي ئاخۇن ۋە مۇئاۋىن رەئىس نۇئمان ما شيەنلەر 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىدا ئەرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 1-، 2-، 3-بولغان قارىيلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سالىھ، شەمشىدىن ھاجىلار ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى خادىملىرى شىنجاڭلىق قارىيلار بىلەن بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يۇسۇف مۇھەممەد ئەل مەدانى مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا، مۇراسىمغا قاتناشقان ھەر-قايسى ئەللەر ئەلچىلىرىگە ۋەكالىتەن نۇتۇق سۆزلەپ، قىرائەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى مۇبارەكلىدى ۋە مۇسابىقىغە ئىئانە ئاتىدى.



ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سەئىد ھۇسەين مىرفەخەر مۇسابىقىدا ئەرلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاياللار گۇرۇپپىسى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن قارىي ۋە قارىيەگە سوۋغا تەقدىم قىلىپ ئۇلارنى تەبرىكلىدى ۋە بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىغا قاتناشقان رەھبەرلەر، باش ئەلچىلەر، مېھمانلار بارلىق قارىي ۋە قارىيەلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

# مۇندەرىجە


**شىائىگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەنتەنە**

ۋەتەننى سۆيۈش — ئىماننىڭ گەۋدىلىنىشى ......... (4)

شىائىگاڭ مۇسۇلمانلىرى .............. مىن شەنلياڭ (8)

**ئىسلام جەمئىيىتى پائالىيەتلىرى**

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت

مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى .............. مەھمۇدى (12)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى

.......................... يۇسۇف جەۋاد (15)

**ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى**

ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق كۆز قارىشى توغرىسىدا

................. مەھمۇد يۇسۇف لى خۇايلىڭ (17)

بەندە ئۆز قىلمىشى ئالدىدا جاۋابكار...... جاڭ چيەن (29)

مۇسۇلمانلار ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشى كېرەك

.................... ئۆمەرجان مۇھەممەد (32)

پاكىزلىق — ئىماننىڭ يېرىمى......................

.................. يۇسۇپجان مۇھەممەد ھىلالى (34)

قۇرئاندىكى "سەبر" سۆزى توغرىسىدا ..........

........................ ئابدۇمجىت مۇھەممەت (36)

**ياش ئالىملىرىمىز**

شان-شەرەپ ئالدىدا تېڭىرقىماس ياش ئەزىمەت

— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياش پروفېسسورى

تاشپولات تېيىپ ھەققىدە ... ئابدۇكېرىم راخمان (39)



جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

CHINA MUSLIM

(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
مەسئۇل مۇھەررىر: رىشت ھاجى ۋاھىدى
تېخنىك تەھرىرى: ئابلىز قاسىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئېلى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورو)
پوچتانومۇرى: 100053 تېل: (010)63513181
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇپوچتانومۇرى:830001 تېل:(0991)2865729

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
责任编辑：热西提哈吉・瓦依提
技术编辑：阿布力孜・卡斯木
封面设计：艾　力
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
（北京宣武区南横西街 103 号）
邮政编码：100053　电话：(010)63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路 119 号
邮政编码：830001　电话：(0991)2865729

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**مەسچىت-مەدرىسلەر**

ھەرىكەتتىن بەرىكەت
—گۇچۇڭ ناھىيە بازىرىدىكى دۇڭمېن مەسچىتىنىڭ بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ بەرىكەت تېپىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ........ ئابلىمىت قۇربان (43)

**بىلىم گۈلزارى**

ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ ........ توپلىغۇچى: ياقۇپ ھاجى (46)

**ئىسلام ئاسارئەتىقىلىرى**

سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى ........ ئابدۇرىشىت ئالىم (47)
ئىمامى ئەپتەھ مازىرى ........ مۇھەممەتئىمىن قۇربان (48)

**1997-يىللىق ھەج پائالىيىتى**

جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى ........ رىشىت ھاجى (49)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى ........ مەھمۇدى (52)
ھەج مەزگىلىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مىنا رايونىدا زور ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، جۇڭگو ھاجىلىرى ساق-سالامەت ........ مەھمۇدى (53)
ئەل سۆيەر خەير-ساخاۋەتچى دىنىي زاتلار ........ (57)
خەۋەرلەر ........ (58)

**مۆتىۋەر زاتلار**

ئاتاقلىق دىنىي زات مەرھۇم ئوسمانشاھ ھاجىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىدىن ئۇنىڭ ئىزگۈ روھىغا بىر نەزەر ........ يۇنۇس سادىق (61)

**ئىسلام مەدەنىيىتى**

ئىسلام دىنىغا ئائىت ماقال-تەمسىللەر ........ تەييارلىغۇچى: ئابدۇللەھەمەت شەھابىدىن، ئىمىر مۇھەممەد (63)

**ئىشانچىلاردىن خەت**

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە ........ (64)

**ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى**

ژۇرنىلىمىز ئىشانچىلارغا تەشەككۈر ........ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (64)
مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: شياگۇاڭدىكى شېلىجې مەسچىتى

★ 1997-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشىردىن چىقتى ★

## «قۇرئان كەرىم»دىن

بسم الله الرحمن الرحيم

يا أيها الذين آمنوا أطيعوا الله وأطيعوا الرسول وأولي الأمر منكم

"ئى مۆمىنلەر! ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار" (4-سۈرە، 59-ئايەت).

(خەتتات: يۇسۇف چېن جىنخۇي)

www.uyghurkitap.com



تەھرىر ئىلاۋىسى:

بۇ يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى دۆلىتىمىز شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، بۇ جۇڭگودىلا ئەمەس، ھەتتا دۇنيادىمۇ خۇشاللىنارلىق بىر ئىش بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىتلەرمۇ 6-ئاينىڭ 27-كۈنى (جۈمە كۈنى) ۋەز-تەبلىغ قىلغاندا، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، جەمئىيىتىمىز ئىمام-خاتىپلارنىڭ ۋەز-تەبلىغدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ماقالىنى تۈزۈپ چىقتى، پايدىلىنارسىلەر—ئىنشائاللا!

# ۋەتەننى سۆيۈش — ئىماننىڭ گەۋدىلىنىشى

## (ۋەز-تەبلىغ قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى)

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

دىنىي قېرىنداشلار، ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ۋەتەننى سۆيۈش ۋە دىنىنى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىق، تىنچلىقنى قوغداش، دۆلەتنىڭ ئىززەت-ئابرويىنى ئاسراش—ئىسلام دىنىمىزنىڭ نېگىزلىك روھى ۋە تەلىپى، شۇنداقلا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى.

بۇ يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، "شەرق مەرۋايىتى" شياڭگاڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ يۈز يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ، 6 مىليوندىن ئارتۇق شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار ھەر مىللەت جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، شانلىق كەلگۈسىنى بىرلىكتە يارىتىدۇ. ئۇ يەردىكى 50 مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزمۇ بىز بىلەن بىرلىكتە بۇ ئۇلۇغ مەرىكىنى تەبرىكلەپ، ئۇلۇغ جۇڭگونىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن بىرلىكتە دۇئا قىلىدۇ.

شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى بىلەن جاھانگىرلىك ھەر مىللەت خەلقىگە تاڭغان ئار-نومۇس ئاقلىنىدۇ، بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار ئىشنى تاماملاشقا قاراپ تاشلىغان مۇھىم بىر قەدىمى. بۇ شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى، ھەققانىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ نەتىجىسى. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغاندەك: "ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار" (5-سۈرە، 2-ئايەت).

شياڭگاڭ مەسىلىسى ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگوغا قورال لىق تاجاۋۇز قىلغانلىقىنىڭ تارىخىي شاھىتى، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ قۇدرەت تاپقانلىقىنىڭ جانلىق دەلىلى. 1841-يىلى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چىرىكلىشىپ زاۋاللىققا

يۈزلەنگەن، دۆلەت مادارى ئاجىزلاشقان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، شياڭگاڭ ئارىلىنى قوراللىق بېسىۋالغان، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، ئەپيۇن ئۇرۇشى ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى «نەنجىڭ شەرتنامىسى»نى ئىمزالاپ، شياڭگاڭنى ئەنگلىيىگە بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلغان. 1843-يىلى ئەنگلىيە بىشەملىك بىلەن شياڭگاڭ ئارىلىنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى دەپ جاكارلىغان. 1860-يىلى ئەنگلىيە يەنە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى «بېيجىڭ شەرتنامىسى»نى تۈزۈپ، جيۇلۇڭ يېرىم ئارىلىنى ئەنگلىيىگە بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلغان.

1898-يىلى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگونى يەنە بىر قېتىم بۆلۈشۈۋالغان مۇدھىش مۇھىتتا، ئەنگلىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى قورال كۈچى بىلەن مەجبۇرلاپ، «شياڭگاڭ پاسىلى ئورنىنى كېڭەيتىشنىڭ مەخسۇس ماددىسى»نى ئىمزالىتىپ، شېنجېن دەرياسىنىڭ جەنۇبى، جيۇلۇڭ يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالى ۋە ئەتراپتىكى 235 ئارالنى سۇ دائىرىسى بىلەن قوشۇپ 99 يىللىق مۆھلەتلىك "ئىجارىگە ئېلىش ھوقۇقى"نى قولغا كىرگۈزۈۋالغان ۋە بۇنى 1898-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە قىلدىغان قىلغان. يۈز نەچچە يىلدىن بېرى، نەچچە ئەۋلادلىك جۇڭگو ھۆكۈمىتى شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدا تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما دۆلەتنىڭ كۈچى ئاجىز بولغانلىقى، ھۆكۈمەت چىرىكلەشكەن ۋە ئىقتىدارسىز بولغانلىقى، ئاجىز دۆلەتنىڭ خەلقئارادا ئورنى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن مەغلۇپ بولۇپلا كەلگەنىدى. پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگودىكى بارلىق تەسىر كۈچلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى جەھەتلەردە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنلا، شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاساس ئورنىتىلدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلاپچىغا خاس مەردانىلىكى، يىراقنى كۆرەرلىكى، ۋەزىيەتنى پەملەش ئىقتىدارى بىلەن ئىجادىي يوسۇندا "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش" يولى بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دېگەن ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنداقلا شياڭگاڭدا "شياڭگاڭلىقلار شياڭگاڭنى ئىدارە قىلىش"، "يۇكسەك ئاپتونومىيە بولۇش"، شياڭگاڭدا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان جەمئىيەت تۈزۈمى، ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى 50 يىلغىچە ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قېلىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش مەسىلىسىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئاۋمېن مەسىلىسى ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىپ، ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە ئۈنۈملۈك بىر يولنى تېپىپ بەردى.

شياڭگاڭنىڭ قولدىن كېتىشى ۋە قايتۇرۇپ ئېلىنىشى بىزگە بىر ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى: بېكىنمىلىك ھالەتتە تۇرۇۋېلىپ مۇتەئەسسىپلىك قىلدىغان، يېڭىلاش ئېلىپ بېرىشقا ئىنتىلمەيدىغان، ئىچكى جەھەتتە ئىتتىپاقسىز بولغان بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قالالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئار-نومۇسنى ئاقلاپ، پارە-پارە بولۇپ كەتكەن زېمىننى يىغىۋېلىشتىن گۈللەندۈرەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى شادىيانە ئالقىشلاۋاتقان مۇقەددەس مىنۇتلاردا، بىز تارىخنى ئەينەك قىلىپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، غەيرەت-شىجائەت بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاپ، مەملىكىتىمىزنى بالدۇرراق قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: «قۇش ئۆزىنىڭ چاڭگىسىنى ئاسرىغاندەك، ۋەتەننى سۆيۈڭلار»، «ۋەتەن سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىندۇر». پەيغەمبىرىمىز بۇ تەلىماتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەن سۆيۈش ئىدىيىسىنى ئىمان يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگەن ۋە ئۇنى شەخس ئىمانىغا سىڭدۈرگەن. شۇنداقكەن، ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان ئۆز ۋەتىنىگە سادىق ۋەتەنپەرۋەر بولۇشى كېرەك. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ئەڭ مۇقەددەس ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسئۇلىيىتى ئۆزى ياشاۋاتقان ۋەتەننى ئالدىلىق تۇردە قوغداشتىن ئىبارەت. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن قولمۇقول تۇتۇشۇپ، بىر نىشان ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، بىرلىكتە پىداكارلىق كۆرسىتىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن، چەت ئەلنىڭ خورلۇقىغا بىرلىكتە قارشى تۇرغان مەزگىللىرىمىزدە، يۈكسەك ئىرادىلىك مۇسۇلمان مەردانىلار چىققان، ئۇلار ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەن يولىدا قانلىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان، ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلغان. نېمە ئۈچۈن؟ دەل ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىكى، بىر پۈتۈنلۈكى، بىرلىككە كېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. بۈگۈنكى كۈندىكى بىزنىڭ مۇستەقىللىكىمىز، بىر پۈتۈنلۈكىمىز، بىرلىككە كەلگەنلىكىمىز دەل ھەر مىللەت ئەزىمەتلىرىنىڭ بىرلىكتە ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈپ، قۇربان بەرگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى. شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىمىزنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇشى كېرەك، يۈز يىللىق ئار-نومۇسنىڭ ئاقلانغانلىقىغا تېخىمۇ ئىپتىخارلىنىشىمىز لازىم. نۆۋەتتە، «قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرويىنى قوغداش، خەلق مەنپەئەتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش» تىن ئىبارەت «تۆتنى قوغداش»نى ھەقىقىي تۇردە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەمەلىيىتىمىزنىڭ تۈپ پرىنسىپى قىلىپ، «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم.

ئاللاتائالا جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ گۈزەل زېمىننى بىز 56 قېرىنداش مىللەتكە ئاتا قىلغان. بىز ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ بۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىپ، ھايات-ماماتتا باغلانغان، ئېغىر كۈنلەردە بىرگە بولۇدىغان ئايرىلماس مۇناسىۋەت ھاسىل قىلدۇق. تىنچ بىللە ياشاش، ئىتتىپاق بولۇپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش، گۈزەل كېلەچىكىمىزنى بىرلىكتە قۇرۇش—تارىخ بىزگە يۈكلىگەن ۋەزىپە بولۇپ قالدى. بۇ بىزدىن «ئاللانىڭ ئارغامچىسى»نى چىڭ تۇتۇپ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» (4-سۈرە، 59-ئايەت). ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، مۇسۇلمانلار ھەر خىل ئەھدىلەر ئىچىدە ياشايدۇ، رەھبەرلىككە ۋە دۆلەت قانۇنىغا بويسۇنۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئەھدىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى ئاللا بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار» (5-سۈرە، 1-ئايەت)؛ «ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان-قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال-سو-

راق قىلىنىسلەر» (17-سۈرە، 34-ئايەت)؛ «ئى مۆمىنلەر! ئاللاغا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتكە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار» (8-سۈرە، 27-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ قەسەم ۋە ئەھدىلىرى ئىچىدە ياشايدۇ» دېگەنىدى. بۇلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە راۋاج تېپىش، بىرلىكتە يۈكسىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش — ھەربىر مۇسۇلمان پۇقرانىڭ مەجبۇرىيىتى، شۇنداقلا ئىسلام ئىمانىمىزنىڭ تەلىپى. ئەگەر بىز ئالىيجاناپ ئىسلامنىڭ ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەق-ئادالەتنى قوغداپ، رەزىللىك-قەبىھلىككە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ئارقىلىق ياخشى ئوبراز يارىتىپ، ئالىيجاناپ ئۈلگە تىكلىيەلەيدىغانلا بولساق، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز ئاللاغا بېغىشلىغان ئىنتىلىدىغان، دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان دىن بولالايدۇ. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغاندەك: «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر» (3-سۈرە، 110-ئايەت).

دىنىي قېرىنداشلار! بىز مۇسۇلمانلار ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىنى سۆيۈشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىمىز، قانۇنغا ئەمەل قىلىش ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئەبەدىلئەبەد ئىسلام ئىمانى ۋە مەسئۇلىيىتى، جۇمھۇرىيەت خوجايىنلىقى روھى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشتىكى شەرەپ تۇيغۇسى، ئىپتىخارلىقى ۋە پىداكارلىقىنى ئۇرغۇتۇشىمىز لازىم. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئەزەلدىن ۋەتەنىنىڭ تەقدىرى بىلەن بىردەك بولۇپ كەلدى. بىز ئۆز ۋاقتىدا شياڭگاڭنىڭ بۆلۈپ ئېلىنغانلىقى ۋە قولدىن كەتكەنلىكىگە قاتتىق ئېچىنغان ئىدۇق، بۈگۈن شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلايلى. بىز شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى غەنىيمەت بىلىپ، «ۋەتەن سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىندۇر» دېگەن ئەقىدىمىزنى چىڭ ئىگەللەپ، ۋەتەن سۆيۈش ھېسسىياتىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئىسلام روھىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بىز «شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئېگىزلىك قانۇنى»نى ئاكتىپ ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، ئېگىزلىك قانۇندا بەلگىلەنگەن دىنىي تەشكىلاتلار «بىر-بىرىگە تەۋە بولماسلىق، بىر-بىرىگە ئارىلاشماسلىق ۋە بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىش» پرىنسىپى بويىچە، شياڭگاڭدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشنى خالايمىز. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە تىنچلىق ساداسى شياڭگاڭدىكى مەسچىتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىر مەسچىت مۇنبىرىدە ياڭرىغاي! بىز شياڭگاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن دۇئا قىلايلى! ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك، ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇق ئۈچۈن دۇئا قىلايلى!

«ئى ئاللا، بىزنىڭ تېررىتورىيىمىزنى پۈتۈن، دۆلىتىمىزنى ئاسايىشلىق، خەلقىمىزنى بەخت-سائادەتلىك قىلغايسەن! ئى ئاللا! بىزگە مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئاتا قىلغايسەن! بىزنى نامراتلىق-بايلىق ئازابلىرىدىن، ئۇرۇش ئاپەتلىرىدىن ساقلىغايسەن!»، «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن».

دىنىي قېرىنداشلار! ناۋادا بىز ئىسلام روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مۇسۇلمانلىق پەزىلىتىمىزنى ساقلاپ، دۆلەتنىڭ ئىززەت-ئابرويى ۋە مىللەتلەر مەنپەئىتىنى ئاڭلىق قوغدىيالايدىغانلا بولساق، ئۇ چاغدا ئىككى دۇنيالىق بەرىكەت ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلەيمىز.

ئامىن!

بىلىم كىتاب تورى
www.uyghurbook.com

# شىياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرى

مىن شىيەنلىياڭ

ئىسلام دىنى ئەڭ دەسلەپتە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدىن شىياڭگاڭغا تارقالغان. مىلادى 1650 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ سودا پاراخوتى شىياڭگاڭدا توختىغان، بۇ پاراخوتتا بىرمۇنچە ھىندىستانلىق مۇسۇلمان سودىگەرلەر ۋە دېڭىزچىلار بار ئىدى، ئەنە شۇلار شىياڭگاڭدىن ئىبارەت بۇ ئارالغا قەدەم باسقان تۇنجى تۈركۈم مۇسۇلمانلاردۇر. 1830 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، بۇ ئېسىل تەبىئىي پورتقا كۆزى چۈشكەن ئەنگلىيە يەنە بىر قېتىم ئالتە پاراخوت ئەۋەتىپ، زوراۋانلىق بىلەن بۇ پورتنى تۈرغۇزغان. پاراخوتلاردىكى دېڭىزچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ھىندىستاننىڭ بومباي، كالكوتتا ۋە بېنگال قاتارلىق جايلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان مۇسۇلمانلار ئىدى، ئۇلاردىن بىر قىسمى كېيىنچە بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ بۇ يەردىن ئورۇن ئالغان. شۇندىن تارتىپ ئىسلام دىنىمۇ شىياڭگاڭغا كىرگەن.

ھازىر شىياڭگاڭدا 50 مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان بار، ئۇلاردىن جۇڭگولۇقلار ئەۋلادلىرى 30 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كۆپ قىسمى گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، شاڭخەي، نەنجىڭ، بېيجىڭ، يۈننەن قاتارلىق جايلاردىن بارغان. يەنە 20 مىڭدىن ئارتۇق چەت ئەللىك مۇسۇلمان بار، ئۇلاردىن پاكىستانلىقلار 5 مىڭدىن ئارتۇق، قالغانلىرى ھىندىستان، مالايشىيا، بېنگال، ئىران، ئافرىقا ۋە ياۋروپالىق مۇسۇلمانلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار بىلەن جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلار توي قىلىشقاندىن كېيىن تۇغۇلغانلارمۇ بار، ئۇلار "يەرلىكلەر" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، شىياڭگاڭغا يېقىن گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلاردىن بىر قىسمى تۇنجى تۈركۈم بولۇپ شىياڭگاڭغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تۆۋەن قاتلامدىكى ئامما بولۇپ، شىياڭگاڭ جەمئىيىتىدە تۆۋەن ئورۇندا ياشايتتى، ئەمما ئۇلار كۆپ يىللار تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار گۇرۇھىنى شەكىللەندۈردى. 1870 ـ يىلى شېلىنجى كوچىسىدا ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى مەسچىتىنى سالدى ۋە مۇسۇلمانلار مەكتىپى قۇردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئىچكىرىدىن، بولۇپمۇ گۇاڭدۇڭدىن زور تۈركۈمدىكى مۇسۇلمانلار شىياڭگاڭغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن خۇيزۇ مۇسۇلمانلار شىياڭگاڭغا باردى، ئۇلار شاڭخەي، نەنجىڭ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىن بارغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بېرىشى شىياڭگاڭدىكى جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلار گۇرۇھىنىڭ تەسىر كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى ھەمدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى كېڭەيتتى. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىچكىرىدىكى يەنە زور بىر

تۈركۈم ئاخۇنلار ۋە مۇسۇلمانلار شياڭگاڭغا كەلدى، نەتىجىدە شياڭگاڭدىكى جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلارنىڭ سانى چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. شياڭگاڭدىكى جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلار گەرچە ئىچكىرى بىلەن ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت مۇھىتىدا ياشىسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى بار، ئۇلار ئالاھىدە بىر خىل سالاھىيەت بىلەن ۋەتەننىڭ ئىززەت-ئابرويىنى ۋە مەنپەئىتىنى ئاسراپ كەلمەكتە. شياڭگاڭدىكى چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مۇستەملىكىلى-رىدىن كەلگەن بىر قىسىم دېڭىزچىلاردىن، ھىندىستان، پاكىستان، بېنگال قاتارلىق مۇستەملىكىلەردىن قوبۇل قىلىپ كېلىنگەن مۇسۇلمان ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدىن باشقا، شياڭگاڭلىق يەرلىك كىشىلەر "مولو" دەپ ئاتايدىغان مۇسۇلمانلار بار، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن كەلگەن، ئۇلار شياڭگاڭ پورت قىلىپ ئېچىلغاندىن كېيىن تىرىكچىلىك ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن بولۇپ، قاراۋۇللۇق، دەرۋازاۋەنلىك ياكى ئۇششاق تىجارەتچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلار بالاچاقىلى-رىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ بۇ يەرگە ماكانلاشقان ۋە تەدرىجىي ھالدا چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار ئاساس قىلىنغان مەھەللىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. 1896-يىلى شياڭگاڭدىكى چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار مەبلەغ يىغىش قىلىپ، جيۇلۇڭدا بىر مەسچىت سالغان، مەسچىتتە بىر ئىسلام مەركىزى تەسىس قىلغان، كېيىن بۇ يەر شياڭگاڭدىكى چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان. شياڭگاڭدىكى جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار دىنىي ئىشلار ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىشلاردا دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ، ئۆزئارا تونۇشىدۇ، دۇنيادىكى باشقا ئەللەر ۋە رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار تەشكىلاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرىدۇ ھەمدە دائىم بەزى دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

ھازىر ئىسلام دىنى شياڭگاڭدىكى ئالتە چوڭ دىننىڭ بىرسى، گەرچە ئۇنىڭ ئادەم سانى ئاز بولسىمۇ، تەسىرى بىرقەدەر زور، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا نۇرغۇن سودىگەرلەر بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى خېلى كۈچلۈك. شۇڭلاشقا ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادى ياخشى بولغانلىقى ۋە بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى چىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك.

شياڭگاڭدىكى مۇسۇلمانلار تەشكىلاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئىچكىرىدىكى مەسچىتلەر ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلمەكتە، ئىچكىرىدىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شياڭگاڭدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئىچكى-رىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇشمۇ بارغانسېرى ئاۋۇماقتا.

شياڭگاڭدا ئاساسلىق بەش مەسچىت بار، ئۇنىڭ بىرسى **شېلىجى مەسچىتى**. بۇ مەسچىت 1870-يىلى سېلىنغان، 1915-يىلى قايتا ياسالغان بولۇپ، شياڭگاڭدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزاق تۇنجى مەسچىت ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىرسى، **جيۇلۇڭ مەسچىتى**. بۇ مەسچىت 1896-يىلى سېلىنىپ، 1902-يىلى قايتا رېمونت قىلىنغان، 1980-يىلى شياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرى پۇل يىغىش قىلىپ، قايتىدىن كېڭەيتىپ ياساپ 1984-يىلى پۈتتۈرگەن. بۇ مەسچىت ھازىر شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بويىچە ئەڭ ھەيۋەتلىك مەسچىت ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدا 2000دىن ئارتۇق ئادەم بىرۋاقىتتا ناماز ئۆتەيدۇ. "ئىسلام مەركىزى" مۇ شۇ مەسچىتتە بولۇپ، دائىم دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ. يەنە بىرسى، **ئەيچۈنداۋ مەسچىتى**. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى "ئەيمار مەسچىتى ۋە ئىسلام مەركىزى" بولۇپ، 1981-يىل 9-ئايدا

www.nurkitap.com

پۈتۈپ پايدىلىنىشقا باشلىغان سەككىز قەۋەتلىك بىنادۇر. شياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمىسىنىڭ ئىشخانىسىمۇ مۇشۇ مەسچىتتە. ئۇلاردىن سىرت چەيۋەن خۇيزۇلار قەبرىستانلىقىدىكى "چەيۋەن مەسچىتى" ۋە چىجۇ يېرىم ئارىلىدىكى "چىجۇ مەسچىتى" بولۇپ، بۇنىڭدىن شۇ يەردە تۇرۇشلۇق چەت ئەللىك مۇسۇلمان ھەربىي ۋە ساقچىلار پايدىلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا، جۇڭخۇا ئىسلام دىنى مېھىر-شەپقەت ئۇيۇشمىسى، مۇسۇلمانلار ئىنگلىزچە ئوتتۇرا مەكتىپى، مېھىر-شەپقەت ئۇيۇشمىسى باشلانغۇچ مەكتىپى، داۋۇد بۇخارى جەمئىيىتى، فىنلىك لاگېرى قاتارلىق تەشكىلات، مەكتەپ، ھەربىي لاگېرلاردىمۇ نامازخانا تەسىس قىلىنغان.

شياڭگاڭدا ئولتۇراقلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى، تىلى ۋە مەقسەت-مۇددىئاسى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، دىنىي پائالىيەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ھەرقايسى تەشكىلاتلار ئۆز ئالدىغا نىسپىي مۇستەقىل بولۇپ، پۈتۈن شياڭگاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئالاقىلاشتۇرىدىغان ۋە كېلىشتۈرىدىغان بىرەر ئورگان بارلىققا كەلمىگەن. ئەمما ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرى ئارىسىدا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بار، ئۇلارنىڭ خادىملىرى ۋە پائالىيەتلىرىمۇ ئۆزئارا كىرىشتۈرۈلگەن. ھازىر شياڭگاڭدا ئاساسلىق تۆۋەندىكىدەك ئىسلام تەشكىلاتلىرى بار:

**1. شياڭگاڭ جۇڭخۇا ئىسلام دىنى مېھىر-شەپقەت ئۇيۇشمىسى.** بۇ، شياڭگاڭدىكى جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلار ئەڭ بالدۇر قۇرغان، تەسىر كۆچى ئەڭ زور تەشكىلات بولۇپ، 1918-يىلى شياڭگاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىغا ئېرىشىپ رويخەتكە ئېلىنغان. بۇ تەشكىلات ئىسلام دىنىنىڭ مېھىر-شەپقەت ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، دىنىي قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. دىنىي ئىشلارغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن سىرت، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ئاكتىپ يولغا قويىدۇ، ئاساسىي زېھنىنى مائارىپنى گۈللەندۈرۈشكە قارىتىدۇ. ئۇلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، مۇسۇلمانلار باشلانغۇچ مەكتىپى، مۇسۇلمانلار ئىنگلىزچە ئوتتۇرا مەكتىپى، مۇسۇلمان بالىلار باغچىسى قاتارلىقلارنى قۇرغان. مۇسۇلمانلار ئىنگلىزچە ئوتتۇرا مەكتىپى شياڭگاڭدا ھەتتا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، ئۇ، شياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرىغا زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن ھەمدە شياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خېلى زور تۆھپە قوشقان.

**2. شياڭگاڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى.** بۇ جەمئىيەت جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلارنىڭ يەنە بىر چوڭراق تەشكىلاتى بولۇپ، 1938-يىلى قۇرۇلغان "شياڭگاڭ جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى" ئاساسىدا 1949-يىلى ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى شياڭگاڭدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىشچىلار ھەم سودا-سانائەت، مائارىپ، قانۇن ۋە ئاخبارات ساھەلىرىدىكى زاتلاردىن ئىبارەت. جەمئىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دىنىي ئىشلارغا ۋە مۇسۇلمان دوستلارنى ئالاقىلاشتۇرۇشقا قارىتىلغان، ئۇلار ھەر خىل دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تۇرىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ جەمئىيەت شۇ ھامان "ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش" شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن بولغان دوستانە قويۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈلمەي ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار داۋاملىق تۈردە مۇسۇلمانلارنى ئىچكىرىگە كېلىپ ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ شياڭگاڭ بىلەن ئىچكىرى ئارىسىدىكى باردى-كەلدى مۇناسىۋەت ۋە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ،

دوستلۇقنى كۈچەيتتى. بۇ جەمئىيەت يەنە، دىنىي ئەھكاملارنى تەشۋىق قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئائىت ئۇچۇرلار ۋە ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى خەۋەر قىلىدىغان «مۇسۇلمانلار خەۋەرلىرى» دېگەن قەرەلسىز ژۇرنالنى چىقىرىدۇ.

3. **شياڭگاڭ مۇسۇلمان ئاياللار جەمئىيىتى.** بۇ، شياڭگاڭدىكى مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تەشكىلاتى بولۇپ، شياڭگاڭ جۇڭخۇا ئىسلام دىنى مېھىر-شەپقەت ئۇيۇشمىسىغا قارايدۇ. ئۇ 1953-يىلى قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلات ئاياللار مەنپەئىتىنى قوغداش، پاراۋانلىقنى يۇكسەلدۈرۈش، دوستانە جەمئىيەتلەرگە يار-يۆلەك بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلار باشقا تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشتىن سىرت، جەمئىيەت مۇلازىمەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. ئاياللارنى سەپەرۋەر قىلىپ پۇل يىغىش قىلىپ، مائارىپ ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىئانە قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ.

4. **شياڭگاڭ ئىسلام دىنى ياشلار جەمئىيىتى.** 1973-يىلى قۇرۇلغان، جەمئىيەت ئورنى جىيۇلۇڭدىكى ئەيچۈنداۋ مەسچىتىدە. بۇ جەمئىيەت شياڭگاڭدىكى مۇسۇلمان ياشلارنىڭ تەشكىلاتى بولۇپ، ياشلارنى ئالاقىلاشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلغان، ئۇلار دىنىي، ئىلىم-پەن لېكسىيىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرۇشتىن سىرت، مۇسۇلمان ياشلارنى تەشكىللەپ پايدىلىق، ساغلام مەدەنىيەت-تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. 1977-يىلى بۇ جەمئىيەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، شياڭگاڭدا «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر يىغىنى» چاقىرىلدى. فىلىپپىن، كورىيە، مالايشىيا، ياپونىيە، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى. بۇ ئارقىلىق شياڭگاڭ رايونى بىلەن بۇ دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ جەمئىيەت يەنە «پائالىيەت»، «ئىسلام بىلىملىرى» دېگەنگە ئوخشاش ژۇرناللارنى چىقىرىدۇ.

5. **شياڭگاڭ خەلقئارا ئىسلام جەمئىيىتى.** بۇ جەمئىيەت 70-يىللاردا جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇسۇلمانلاردىن تەشكىل تاپقان تەشكىلات بولۇپ، ھەر يىلى بەزى خەلقئارالىق دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ، چەت ئەلنىڭ بەزى مەشھۇر ئىسلام ئۆلىما-ئالىملىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەربابلارنى شياڭگاڭغا كېلىپ دىنىي پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىپ بېرىشكە ۋە ۋەز-تەبلىغ قاتارلىقلارنى قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ جەمئىيەنىڭ خەلقئارا ئىسلام دىنى ساھەسىدە مەلۇم ئورنى ۋە تەسىرى بار.

6. **شياڭگاڭ ئىسلام دىنى ھاۋالە فوندى باش ئۇيۇشمىسى.** بۇ شياڭگاڭدا تەسىر كۈچى ئەڭ زور مۇسۇلمانلار تەشكىلاتى بولۇپ، 1984-يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھىندىستان، پاكىستانلىق مۇسۇلمانلار، ئۇلار چەت ئەللىك مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورتاق ئىشلىرىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرى ئەۋەتكەن ۋەكىللەردىن تەركىب تاپقان بىر كومىتېت بولۇپ، شياڭگاڭدىكى بارلىق مەسچىت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرۇلۇش، رېمونت، مەمۇرىيەت، باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ۋە مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ تەبرىك مۇراسىملىرى ۋە باشقا پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ.

7. **شياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمىسى.** بۇ بىرلەشمىنى ھىندىستان ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە مالايشىيا قاتارلىق جايلاردىن شياڭگاڭغا كېلىپ تىجارەت ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى ھىندىستان، مالايشىيا، جۇڭگو، شياڭگاڭ يەرلىكلىرى ۋە باشقا دۆلەت

uyghurkitap.com



## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى ئۇيۇشتۇرغان 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى 1997-يىل 3-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 7-كۈنىگىچە بېيجىڭدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى زالىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى. جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى 1995-يىل 3-ئايدا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېلى زور ۋە چوڭقۇر تەسىر قوزغىغانىدى.

2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى رەسمىي ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، بىرمۇنچە ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلار ئۆز دائىرىسىدە قارىي تاللاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر مەملىكەت بويىچە 24 ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيتى 106 نەپەر قارىي ۋە قارىيە (ئايال قارىي)نى تاللاپ، ئۇلارنىڭ قىرا-

نەۋلىكىدىكى مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ بىرلەشمە يەنە ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل، فوند مەبلىغى غول بىر ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇپ، بۇنىڭ قارمىقىدا مەبلەغ سېلىش كومىتېتى، دىنىي تەبلىغات ھەيئىتى، پاراۋانلىق كومىتېتى تەسىس قىلىنغان. بۇ ئۇيۇشمىدا كۆپ خىل مۇكاپات ۋە مائارىپ خەيرىيەت فوندى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇرۇش، مۇسۇلمان ياشلىرىنى تاللاپ چەت ئەلگە ئوقۇش ۋە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىش ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ. دىنىي تەبلىغات ھەيئىتى «قۇرئان كەرىم»نى ۋە «ئىسلامغا نەزەر» قاتارلىق ژۇرناللارنى چىقىرىشقا مەسئۇل.

**8. خەلقئارا ئىسلام مۇلازىمەت ئۆمىكى.** بۇ ئۆمەك 1983-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، بەزى ئىسلام روناقچىلىرىنىڭ تەشكىلاتى، ئۇلار دىنىي گۈللەندۈرۈش، مائارىپنى راۋاج تاپقۇزۇش، دىنىي مۇلازىمەت قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار دىنىي ئەھكاملار كۇرسى ۋە كالام شېرىپ سىنىپى ئاچقان، ئادەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىغا خالىسانە مۇلازىمەت قىلىپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، پاكىستانلىق، ھىندىستانلىق ۋە شياڭگاڭلىق شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئەمەلىيەتچىلەرنى ئۆزىگە ئەزا قىلغان شياڭگاڭ پاكىستان جەمئىيتى، شياڭگاڭ ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى جەمئىيتى ۋە شياڭگاڭ داۋۇد بۇخارى جەمئىيتى بار.

شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، شياڭگاڭدىكى جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلار ۋە چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئورناتقان قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتى بارغانسېرى چوڭقۇر ۋە ياخشى بولغۇسى.

ئەت ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدگە باھالاپ تاللاشقا يوللاپ بەرگەنىدى. خۇيزۇ، ئۇيغۇر، سالا، دۇڭشياڭ، ژاڭزۇدىن ئىبارەت بەش مىللەتتىن تەركىب تاپقان بۇ 106 نەپەر قارىي ۋە قارىيەلەر (بۇنىڭ ئىچىدە قارىي 95 نەپەر، قارىيە 11نەپەر) جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ئەھلى كەسىپ ئۇستازلارنىڭ ئەستايىدىل باھالاپ تاللىشى ئارقىلىق، ئاخىر ئۇلاردىن 40 نەپەر قارىي ۋە ئالتە نەپەر قارىيە تاللىنىپ، بۇ قېتىم بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىغە قاتناشتۇرۇلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ئون نەپەر قارىي ۋە قارىيە مۇسابىقىغە قاتناشتى، بۇلاردىن ئۇيغۇر سەككىز نەپەر (قارىي يەتتە نەپەر، قارىيە بىر نەپەر) ، خۇيزۇ ئىككى نەپەر. بولۇپمۇ يەتتە نەپەر ئۇيغۇر قارىينىڭ ئالتىسى ھافىز (30 پارە قۇرئاننى يادقا قىرائەت قىلالايدىغان پۈتۈن قارىي) ئىكەن. مۇسابىقە جەرياندا، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ھەر مىللەت قارىي ۋە قارىيەلىرى ئۆزىنىڭ تەجۋىد بويىچە قىرائەت قىلىش سەۋىيىسى ۋە ماھارىتىنى تولۇق جارى قىلىپ، مۇسابىقە قاتناشچىلىرى، جەمئىيەت رەھبەرلىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى ۋە قىرائەت ئاڭلاشقا كەلگەن ھەر مىللەت مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ قىزغىن ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. مۇسابىقىنىڭ باھالاش ھەيئىتى ئەزالىرى ئىلمىي تەجۋىد ۋە قىرائەت مىزانىدىن تولۇق خەۋەردار مۇتەخەسسىس، ئۆلىما ۋە مەشھۇر ئاخۇنلاردىن تەركىب تاپتى. شىنجاڭدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەركىبىدە بولدى. مۇسابىقە ئەرلەر گۇرۇپپىسى ئۈچ باسقۇچقا، ئاياللار گۇرۇپپىسى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. ئەرلەر گۇرۇپپىسىدىكى ھەممە قارىيلار بىرىنچى باسقۇچلۇق دەسلەپكى مۇسابىقىغە قاتناشقاندىن كېيىن، ئۇلاردىن يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشكەن 15 نەپىرى تاللىنىپ، ئىككىنچى باسقۇچلۇق مۇسابىقىغە قاتناشتۇرۇلدى. ئاخىر ئۇلاردىن ئالتە نەپەر قارىي ئۈچىنچى باسقۇچلۇق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىغە قاتنىشىشقا تاللاندى (بۇنىڭ ئىچىدە تۆت نەپەر ئۇيغۇر قارىي، بىر نەپەر خۇيزۇ قارىي، بىر نەپەر سالا قارىي بار) ، ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن بىرىنچى باسقۇچلۇق دەسلەپكى مۇسابىقە ئارقىلىق ئۈچ نەپەر قارىيە (ئۈچىلىسىلا خۇيزۇ) ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىغە تاللاندى.

3-ئاينىڭ 6-كۈنى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ۋە ئاياغلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇبىي ئاخۇن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، نوئمان ما شيەن، مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار، بېيجىڭ شەھىرى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خا جىنجى، بېيجىڭدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان بىر قىسىم ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىران، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئومان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى ۋە باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى ئەلچىخانىلىرىنىڭ دىپلوماتىك خادىملىرى، بېيجىڭ شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن قىرائەت ئاڭلاشقا كەلگەن ۋەكىللەر ھەم جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى، مۇسابىقىغە قاتناشقان بارلىق قارىي-قارىيەلەر بولۇپ، 300 دىن ئارتۇق

uyghurkitap.com

كىشى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە قىرائىتىنى ئاڭلىدى
ۋە ئاياغلىشىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە سۇرلۇك، جىددىي ۋە
ئەستايىدىل كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلدى. باھالاش
ھەيئىتىنىڭ ئەستايىدىل ۋە ئادىل باھالاپ نومۇر
قويۇشى ئارقىلىق، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىغە قات-
ناشقان ئالتە نەپەر قارىيدىن شىنجاڭ ئىسلام ئىنس-
تىتۇتىنىڭ تالىپلىرىدىن ئىلياس قارىي بىرىنچى-
لىكنى، مۇھەممەت يۇسۇپ قارىي ئىككىنچىلىكنى،
گەنسۇ ئۆلكىسىدىن سۇلايمان ئەن گوۋىن قارىي
ئۈچىنچىلىكنى ئالدى (قالغان ئۈچەيلەن —
شىنجاڭ خوتەن ۋىلايىتىدىن شىرئەلى قارىي تۆتىن-
چى، تۇرپان ۋىلايىتىدىن مەنسۇر قارىي بەشىنچى،
چىڭخەي ئۆلكىسىدىن سالا مىللىتىدىن خەن رۇ-
چىڭ قارىي ئالتىنچى بولدى). ئاياللار گۇرۇپپىسى-
دىن ئىچكى موڭغۇلىيىلىك قارىيە ما پېيىيىڭ بى-
رىنچىلىكنى، خېنەنلىك قارىيە ئەي لىڭلى ئىككىن-
چىلىكنى، نىڭشيالىق قارىيە جۇ فىڭخۇڭ ئۈچىن-
چىلىكنى ئالدى (شىنجاڭلىق قارىيە نۇراخان ھا-
جى خېنىم بەشىنچى بولدى). مۇسابىقە ئاخىرلاش-
قاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى-
نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ، جۇڭگو ئىس-
لام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى سالىھ ئەن شۇيى ئا-
خۇن قاتارلىقلار قارىي ۋە قارىيەلەرگە مۇكاپات لوڭ-
قىسى، مۇكاپات سوممىسى، گۇۋاھنامە، 30 پارە
قۇرئاننىڭ قىرائەت لېنتىسى قاتارلىقلارنى تارقىتىپ
بەردى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدا شىزاڭدىن كەلگەن
زاڭزۇ مۇسۇلمانلاردىن ئەلى قارىي گەرچە ئۇن
يەتتىنچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەرتىل-
لىك ۋە ئالاھىدە ئاھاڭلىق قىرائىتى بىلەن باشقا
قارىيلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى.

مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا، مۇئا-
ۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ھەنە-
فى ۋەن ياۋبىڭ خۇلاسە نۇتقى سۆزلىدى. ياڭ
تۇڭشياڭ نۇتۇق سۆزلەپ، بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقە-
نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى گوۋۇيۈەن دىن
ئىشلىرىغا ۋەكالىتەن قىزغىن تەبرىكلىدى. سەئۇدى
ئەرەبىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى
يۇسۇف مۇھەممەد ئەل مەدانى ھەل قىلغۇچ مۇسا-
بىقە ۋە ئاياغلىشىش مۇراسىمغا قاتناشقان ھەرقايسى
ئەللەر باش ئەلچىلىرىگە ۋەكالىتەن نۇتۇق سۆز-
لەپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىرائەت سەۋىيىسى-
نى ماختىدى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك
قىرائەت مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈز-
گەنلىكىنى مۇبارەكلىدى ھەمدە بۇ نۆۋەتلىك مۇسا-
بىقىغە ئىئانە قىلدى. ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق
باش ئەلچىسى سەئىد ھۇسەيىن مىرفەخەرمۇ مۇسا-
بىقىدە بىرىنچىلىكنى ئالغان ئىلياس قارىي ۋە ما
پېيىيىڭ قارىيەگە سوۋغا تەقدىم قىلدى ۋە ئۇلار
بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. مۇسابىقىنىڭ ئا-
ياغلىشىش مۇراسىمى ئىلياس قارىينىڭ سۇرلۇك،
مەزمۇنلۇق، تەرتىللىك ۋە ئۇزۇن دۇئاسى بىلەن
ئاخىرلاشتى. مۇراسىمدىن كېيىن رەھبەرلەر ۋە مېھ-
مانلار بارلىق قارىيلار بىلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈ-
رەتكە چۈشتى. ئاخىرىدا، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى
ئىدارىسى بېيجىڭدىكى تۇرپان رېستورانىدا قارىي-
لارغا ئاتاپ زىياپەت بەردى.

كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بىر ئىش شۇكى،
بۇ قېتىمقى مۇسابىقىغە قاتناشقان 46 نەپەر قارىي
ۋە قارىيەنىڭ ياش-قۇرامىدىن ئالغاندا، ئەڭ چوڭى
39 ياش، ئەڭ كىچىكى 17 ياش بولۇپ، ئۇلاردىن
41 نەپىرى (90 پىرسەنتى دېگۇدەك) 30ياشتىن
تۆۋەن ياش قارىي ۋە قارىيەلەر، بولۇپمۇ 25 ياشتىن
تۆۋەنلەر 29 نەپەر بولۇپ، بارلىق قارىي ۋە قارىيە-
لەرنىڭ 63 پىرسەنتىدىن ئارتۇقىنى تەشكىل قىل-
دۇ. بۇ ئەھۋال ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ
داۋاملىق ئىزچىل ئەمەلىيلىشىۋاتقانلىقىنى، يېڭى بىر
ئەۋلاد ياش دىنىي خادىملارنىڭ ساغلام يېتىشىۋات-

قانلىقى ۋە ئۇسۇۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ.

ئىشىنىمىزكى، بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك قى-
رائەت مۇسابىقىسىمۇ، ئۆتكەن قېتىملىق مەملىكەت-
لىك قىرائەت مۇسابىقىسىگە ئوخشاشلا، ئىسلام
دىنى ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى باي-
قاش، تاللاش ۋە يېتىشتۈرۈشكە پايدىلىق، مەملى-
كىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىي خادىملىرىنىڭ قىرائەت
سەۋىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشكە، كەڭ مۇ-
سۇلمانلار ئارىسىدا تەجۋىد بويىچە قىرائەت قىلىش-
نى ئومۇملاشتۇرۇشقا مەدەت ۋە تۈرتكە بولغۇسى،
ئىنشائاللا! بۇ قېتىمقى مۇسابىقە يەنە جۇڭگو ئىس-
لام جەمئىيىتىنىمۇ خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقى-
لىرىگە قاتنىشىدىغان قارىيلارنى تاللاش ئىمكانىيە-
تىگە ئىگە قىلدى.

ۋەتىنىمىز بۈگۈنكىدەك ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان
ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا، تېخىمۇ كۆپ
مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە
ھەدىس شەرىپ بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قو-
يۇپ، تىنچ ۋە مۇقىم ياخشى پۇرسەتنى غەنىيمەت
بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت سەۋ-
يىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز ئۆستۈرۈپ،
ئىسلام دىنىنىڭ "ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت
ئىزدەش" دېگەن كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بويى-
چە، ئۆز بىلىمى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ ئىككى
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە
قوشۇشقا تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(مەھمۇدى)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت ئۆتكۈزدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھىجرىيە
1417-يىللىق (مىلادى 1997-يىللىق) مۇبارەك
قۇربان ھېيت بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى
بىلەن، 4-ئاينىڭ 18-كۈنى بېيجىڭدىكى "سەد-
دىچىن" مېھمانخانىسىنىڭ زىياپەت زالىدا كاتتا زى-
ياپەت ئۆتكۈزۈپ بەردى. پايتەختتىكى جۇڭگولۇق
ۋە چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار ۋە ھەر ساھەدىكى
زاتلار جەم بولۇشۇپ بۇ مۇبارەك ھېيتنى تەبرىك-
لەشتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بۇخې، تۆمۈر داۋا-
مەت، دۆلەت كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلى-
رى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد، مەم-
لىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
جاۋ پۇچۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومى-
تېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
لى دېجۇ، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر زىياپەتكە
قەدەم تەشرىپ قىلىپ قۇربان ھېيتىنى مۇبا-
رەكلىدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كو-
مىتېتى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى
بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى
كومىتېتى، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى،
مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دىن كومىتېتى،
جۇڭگو خەلقىنىڭ تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتى،
مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلى-
كى، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ئىدارىسى،
جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دۇنيا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دىنلىرى تەتقىقات ئىنستىتۇتى، نىڭشيا ۋە شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنى، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى، بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان چەت ئەللىك مۇسۇلمان مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى ھەمدە بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر كومىتېتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى، بېيجىڭ شەھىرىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى مۆتىۋەر زاتلار ھەم ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى زىياپەتكە داخىل بولدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇبېي ئاخۇن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، نوئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ قاتارلىقلار مېھمانلار بىلەن بىللە بولدى.

زىياپەتكە مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇرەھىم ئىمىن رىياسەتچىلىك قىلدى. رەئىس سالىھ ئەن شۇبېي ئاخۇن تەبرىك نۇتقى سۆزلەپ، ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن، زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلغان مەركەز رەھبەرلىرىگە چىن قەلبىدىن تەشەككۈر ئېيتتى ھەمدە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرىنى، مېھمانلارنى، دوستلارنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن قىزغىن تەبرىكلىدى. رەئىس سالىھ ئەن شۇبېي ئاخۇن ئۆز سۆزىدە، بۈگۈن بىز قۇربان ھېيت مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقتىمىزدا، 5000 دىن ئارتۇق جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى مەككە مۇكەررەمەدە ھەج پەرزىنى ئادا قىلىۋاتىدۇ، ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ پەرزىنى قوبۇل قىلغاي ھەم ئۇلارنى ساق-سالامەت ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە مۇۋەپپەق قىلغاي، دېدى.

رەئىس ئەن شۇبېي ئاخۇن يەنە مۇنداق دېدى: 1997-يىل مەملىكىتىمىز تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتلىك بىر يىل. ئىشىنىمىزكى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش" نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، شياڭگاڭنىڭ داۋاملىق روناق تېپىشى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى باش شۇجى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مەدەنىيەت جەھەتتە گۈللىنىشىنى يەنىمۇ يۇكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشۇپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۈتۈۋالىدۇ.

زىياپەت باشتىن ئاخىر كۆڭۈللۈك، خەيرلىك، خۇشال-خۇرام كەيپىياتتا ئۆتتى.

(يۈسۈف جەۋاد)

---

باسما زاۋۇتىدىكى خادىملارنىڭ سەۋەنلىكى، شۇنداقلا تەھرىر بۆلۈمىمىزدىكى خادىملارنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈپ بېكىتىشىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997-يىللىق 1-سانىنىڭ 8-بېتى تەتۈر بېسىلىپ قالغان، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەردىن ئالاھىدە كەچۈرۈم سورايمىز ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق سەۋەنلىككە يول قويماسلىققا تىرىشىمىز.

**ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

# ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق كۆز قارىشى توغرىسىدا

مەھمۇد يۇسۇف لى خۇايلىڭ

## ئىچى-تېشى پاكىز بولۇش مۇسۇلمانلىقنىڭ توپ مىزانى

پاكىزلىق ۋە تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن بىرى. بۇ ئەنئەنە ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۆزگەرمەي، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق كۆز قارىشىنىڭ مۇقىم ۋە ئۇزاق مەزگىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى سىرلارنى بىلىش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ قىممەت نۇقتىئىنەزىرىدىن باشلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللا ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر“ (49-سۈرە، 13-ئايەت). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”سىلەرنىڭ ئىگەڭلار بىر. ئەرەبلەر ئەرەب بولمىغان كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ؛ ئاق تەنلىك كىشىلەر قارا تەنلىك كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ، قارا تەنلىك كىشىلەرمۇ ئاق تەنلىك كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ، پەقەت تەقۋادارلىقلا بىر-بىرىدىن ئۈستۈن تۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ.“ يۇقىرىقى ئايەت، ھەدىسلەر ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەنبەلىك ئىكەنلىكىنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشىنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەندىن باشقا، يەنە كىشىلەرنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن، ئېسىل-پەس بولۇشىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ مىللىتى، نەسلى ۋە تېرىسىنىڭ رەڭگى بىلەن بەلگىلەنمەستىن، بەلكى ھەربىر كىشىنىڭ تەقۋادارلىق دەرىجىسى بىلەن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتىكى ”تەقۋادارلىق“ سۆزى ئەرەبچە ”تەقۋا“ (التقوى) دېيىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھەرىكەت مىزانى بولغان ”تەقۋا“ سۆزى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان سۆزلەر «قۇرئان كەرىم»دە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، 235 قېتىمدىن كۆپرەك ئۇچرايدۇ. كۆرستىپ بېرىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ سۆزگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر ھېكمەت ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك كۆز قارىشى، قىممەت كۆز قارىشى ۋە ئەخلاق كۆز قاراشلىرىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق كۆز قارىشىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاغا قانچە تەقۋادار بولغانسېرى يامان ئىشلارنىڭ زەرەرىدىن شۇنچە ساقلانغىلى (ياكى قوغدالغىلى) بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ يامانلىقتىن ساقلىنىش كۈچى ئېشىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىپلاسلىقلارنى ئۆزىگە مۇقەررەر ھالدا يۇقتۇرمايدىغان بولىدۇ. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، ئەڭ "تەقۋا" كىشى ئاللاغا ئەڭ تەقۋادارلىق قىلىدىغان پاك ۋە دىيانەتلىك بەندىدۇر، يەنى يامان ئىشلارنىڭ زەھەرىدىن ئەڭ ساقلىنالايدىغان كىشىدۇر. مانا بۇ "تەقۋا" سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەقىقىي ھېكمەتتۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللا ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى،..."(67-سۈرە، 2-ئايەت). بۇ ئايەتتە ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق سەپىرى ئۇلارنىڭ سىناقتىن ئۆتۈش جەريانىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى مۇپەسسەل كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ھەر تۈرلۈك ئوچۇق پاسكىنىلىقلار ۋە يوشۇرۇن بۇلغىنىشلارنىڭ زەھەرىدىن ساقلىنىش ياكى ساقلىنالماسلىق ھەربىر كىشىگە قاتتىق سىناقتۇر. بەندىلەرنىڭ ۋۇجۇدى ۋە قەلب ساغلاملىقىنى تولۇق پاكلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئىچى-تېشى پاكىز بولۇشتەك پاكىزلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بۇ پاكىزلىق تۈزۈمى، شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھەرىكەت مىزانى ("تەقۋادارلىق")نىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر.

"ئىچى-تېشى پاكىز بولۇش" دېگەنلىك "بەدەندىكى مەينەتچىلىكلەرنى تازىلاش، قەلبتىكى يامان نىيەتلەرنى چىقىرىپ تاشلاش"نى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق كۆز قارىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقىي مەنىدىكى پاكىزلىق ئىچى بىلەن تېشىنىڭ بىردەك بولۇشىدۇر. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، پەقەت تېشى ئارقىلىق ئىچىگە ئۆتۈش، ئىچى ئارقىلىق تېشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولۇشنىڭ ئۆزئارا رولى ئارقىلىقلا، ئاندىن بەدەننى پاكلاشتۇرۇش، قەلبنى پاكلاشتۇرۇش، مۇھىتنى پاكلاشتۇرۇش، شۇنداقلا جەمئىيەتنى پاكلاشتۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. ئاللاغا تەقۋادارلىق قىلىش، يامان قىلمىشلاردىن ساقلىنىشتەك پەلسەپىۋى ئىدىيە ئاساسىدا شەكىللەنگەن بۇ خىل پاكىزلىق تۈزۈمى شۈبھىسىزكى، ئىلىم-پەن قائىدىلىرى بىلەن ئەدەب-ئەخلاق بىر گەۋدە قىلىنغان، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان پاكىزلىق قېلىپىدۇر. شۇڭا، ئومۇمەن بۇ خىل ئىچى-تېشى پاكىز بولۇش قېلىپىدىن چىقىپ كەتمىگەنلەر ئۆز ئىدىيەسىدە ئىككى مۇستەھكەم مۇداپىئە سېپىلىنى قۇرۇپ چىققان بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى كېسەللىكتىن ساقلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ، يەنە بىرى ئىللەتنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدى ۋە قەلبىنىڭ ساغلاملىقى كاپالەتلەندۈرۈلۈپلا قالماي، ئىجتىمائىي جىنايەت قىلمىشلىرىنىمۇ تۈگەتكىلى بولىدۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ قوش ئۈنۈمگە ئېرىشىشتۇر.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تىبابەت ئىلمى ۋە قانۇن ئىنسانلار جەمئىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى پەندۇر، ئالدىنقىسى كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، كېيىنكىسى بولسا جىنايى قىلمىشلارنى جازالاشنى مەقسەت قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق كۆز قارىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىشنى ئاۋۋالقى ئورۇنغا قويىدۇ. كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدى ۋە قەلبىنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىش پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارغاندىن كۆرە(بۇنداق قىلىشمۇ ھەقىقەتەن زۆرۈر، ئەلۋەتتە) "ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ" كېسەل بولماسلىق، جىنايەت سادىر قىلماسلىق تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟! كىشىلەر دائىم دېيىشىدىغان "قانۇننىڭ يې-

تەرسىز جايلىرىنى دىن تولۇقلىيالايدۇ“ دېگەن
سۆزنىڭ ئورۇنلۇق يېرى مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۇقىرى دەرى-
جىدە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشلەرنىڭ
ماددىي مەدەنىيىتى كۈنسايىن يېڭىلىنىپ باردى.
ئەپسۇسكى، كىشلەرنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە يا-
شاش مۇھىتى شۇنىڭغا ئوخشاشلا سۈرئەتتە ئارقىغا
چېكىنىپ ماڭدى. بۇ ھال پۇل-مال كويىدا بو-
لۇش، ئەخلاق چۈشكۈنلىشىش، ئېكولوگىيىلىك
مۇھىت ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش، ئىنسانلار
تىرىكچىلىك كىرىزىسىغا دۇچار بولۇشتەك ئېغىر ئا-
قىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق ئەھۋال
ئاستىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىچى-تېشى پاكىز بولۇش
دېگەن ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەتتا
ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى
قىلدۇرۇش ئىنسانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھى-
تىنى ساپلاشتۇرۇشتا ناھايىتى زور رېئال ئەھمىيەت-
كە ئىگە.

## نەچچە مىڭ يىللىق مۇكەممەل تۈزۈم

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”رو-
ھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ.
نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى-فۇجۇر بىلەن)
كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ“ (91-
سۈرە، 9—10-ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەردە پاكىز بو-
لۇش-بولماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان ئوخشاش
بولمىغان ئاقىۋەتلەر دەل جايىدا كۆرسىتىپ بېرىل-
گەن. بىراق، پاكىز بولۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى
تونۇپ يېتىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. ئىلىم-
پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 19-ئە-
سىر مابەينىدە ئاممىۋى تازىلىققا مۇناسىۋەتلىك قا-
نۇنلار ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش مېدىتسىنا-
سى ئارقا-ئارقىدىن دۇنياغا كەلدى. 20-ئەسىردە
دۇنيادا زور كۆلەمدىكى ئاممىۋى تازىلىق قانۇنلىرى
ۋۇجۇدقا چىقتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، 1948-يىلى
دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بارلىققا كەلدى. بۇ ئەھ-
ۋاللار ئاستىدا كۆپلىگەن دۆلەتلەر زور كۈچ سەرپ
قىلىپ، پاكىزلىق ۋە تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ
مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى، تازىلىققا
رىئايە قىلىش مىزانلىرىنى بېكىتىپ چىقىشقا، سە-
ھىيە ئەھدىنامىسىگە بويسۇنۇشقا داغدۇغىلىق چاقى-
رىق قىلدى. ئەمما، ”قانۇننىڭ كۈچى ئۈچ كۈن-
گىمۇ بارماپتۇ“ دېگەندەك، تازىلىقنى تەشەببۇس
قىلىش بىرقەدەر ئاسان، تازىلىقنى ساقلاش ناھايى-
تى قىيىن. بۇ ئەھۋاللار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جاي-
لىرىدا خېلىلا ئومۇملاشقان. ۋەھالەنكى بۇنىڭدىن
14 ئەسىر ئىلگىرى شەكىللەنگەن ئىسلام پاكىزلىق
ئەندىزىسى ناھايىتى قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە
ئىگە بولۇپ كەلدى، بۇ ھەقىقەتەن قالتىس بىر
ئىش.

ئىسلام دىنىدىكى ئىچى-تېشى پاكىز بولۇش-
تەك تازىلىق ئەندىزىسى ناماز ئۆتەش بىلەن ناھا-
يىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھەممىمىزگە مەلۇمكى،
ناماز ئۆتەش ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلى بولۇپ، مۇسۇل-
مانلىقنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ھەربىر مۇسۇلمان پە-
قەت بەدىنى پاكىز بولغان، كىيىم-كېچەكى پاكىز
بولغان، مۇھىتى پاكىز بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا
ئاندىن ناماز ئۆتەش شەرتلىرىنى ھازىرلىغان بولى-
دۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”ئى
مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز
(ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى
يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ
يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى
ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار...“ (5-
سۈرە، 6-ئايەت). يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن
تۆت پەرز ئاممىبابلاشتۇرۇلۇپ ”ئۈچ يۇيۇش، بىر
مەسھى“ دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭغا يەنە ئۇندىن ئار-
تۇق سۈننەت قوشۇلۇپ ”تاھارەت ئېلىش“ دەپ

ئاتىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: "ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسۇل قىلىڭلار...") (يۇقىرىقى ئايەتنىڭ داۋامى) . بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەر-ئاياللار بىر تۆشەكتە بولۇش، مەنى چىقىپ كېتىش، ئېھتىلام بولۇپ قېلىش، ئاياللار ھەيز كۆرۈش، تۇغۇتلۇق بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە، چوقۇم "غۇسۇل قىلىپ" پۈتۈن بەدەننى يۇيۇش لازىم.

يۇيۇنۇشنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ، ما جيەن ئەپەندى يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتنى شەرھلەپ مۇنداق يازىدۇ: "يۇيۇنغاندا بەدەندىكى مەينەتچىلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، تېرىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلىغىلى، بەدەندىكى تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ تولۇق ئېچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، تېرىنىڭ تەر چىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، قان ئايلىنىشنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ھاردۇق يوقىلىپ، روھىي كەيپىيات كۆتۈرۈلىدۇ؛ ئادەتتە نادان كىشىلەر پاكىزلىق ۋە تازىلىقنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇقماي، بىر ئۆمۈر يۇيۇنماي ئۆتىدۇ؛ ئادەتتە بىلىملىك كىشىلەر گەرچە پاكىزلىق ۋە تازىلىقنىڭ مۇھىملىقىنى بىلسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا سەل قاراپ، بوشاڭلىق قىلىپ، بىرنەچچە ئايدا ئاران بىر قېتىم يۇيۇنىدۇ. ئىسلام دىنى پاكىزلىق ۋە تازىلىقنى تەشەببۇس قىلىش يۈزىسىدىن يۇيۇنۇشنى دىنىي قائىدە قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك، باي-كەمبەغەل، ئېسىلزادە-پەس، بىلىملىك-بىلىمسىز ھەممە كىشى بۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھەممەيلەن تازىلىقنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ❶."

غۇسۇلسىز كىشىنىڭ ئالغان تاھارىتى ئىناۋەتلىك بولمايدۇ؛ غۇسۇل قىلغان بولۇپ تاھارەت بولمىغان كىشىنىڭمۇ ناماز ئوقۇش شەرتى ھازىرلانمىغان بولىدۇ، تاھارەت ئېلىش گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ دىنىي ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولۇپ، "نامازنىڭ ئاچقۇچى" دەپ ئاتىلىدۇ. نوقۇل ھالدا تازىلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ تاھارەت ئېلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. باش، يۈز ۋە پۇت-قول ئەڭ ئوڭاي پاسكىنا بولىدىغان ئەزالار بولۇپ، ئايەتلەردە بۇ ئەزالارنى پاكىز يۇيۇش تەلەپ قىلىنغانلىقىنىڭ ئىلمىي داۋلىسى ئۆزلۈكىدىنلا چىقىپ تۇرىدۇ. تاھارەت سۇننەتلىرىنىڭمۇ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەھمىيىتى بار. بىرىنچى، ئېغىزنى چايقىغاندا ئېغىز بوشلۇقىنى پاكىزلىغىلى، ئېغىز پۇراشنى يوقاتقىلى، گال ئاغرىقىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، چىشنى چايقىغاندا چىش مىلىكىسىنىڭ ياللۇغلىنىشى، چىشكە قۇرت چۈشۈش قاتارلىق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولۇپلا قالماي، يەنە چىشنىڭ بالدۇر چۈشۈپ كېتىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سىلەر چىشىڭلارنى چايقاپ تۇرۇڭلار، چىشنى چايقىغاندا ئېغىزىڭلارنى پاكىز تۇتالايسىلەر ھەم ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىسىلەر." شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چىشنى چايقاش سۇننەتكە ئايلىنىپ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا ئادەتكە ئايلانغان، كېيىنچە پۈتكۈل دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، يېقىنقى زاماندىكى مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ تازىلىق ئادىتىگە ئايلانغان. ئۈچىنچى، "ئىستىنشاق قىلىش" (مىژ-مىژ قىلىش) ."ئىستىنشاق قىلىش" ئوڭ قول بىلەن بۇرۇن بوشلۇقىغا سۇ ئېلىپ، ئاندىن سۇ ۋە پۈتلىنى كۈچەپ مىشقىرىپ چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇدا ئۈچ قېتىم مۇشۇنداق

---

❶ خەنزۇچە «قۇرئان كەرىم» ما جيەن تەرجىمىسى (سەككىز پارىلىق نۇسخا) 193-بەت.

قىلىش ئارقىلىق بۇرۇندىكى مەينەتچىلىكلەرنى تازىلاپ چىقىرىپ، كېسەللىك باكتېرىيىسىنىڭ نەپەس يولى ئارقىلىق ئۆپكىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر خىل سۈننەت "ئىستىنجا قىلىش"تۇر. ئىستىنجا قىلىش ئالدى پېشاپ بىلەن كەينى پېشاپنى پاكىز سۇ بىلەن يۇيۇپ، مەينەتچىلىكلەرنى تازىلاپ چىقىرىپ تاشلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، بۇۋاسىر، ئاقمايارا قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئىستىنجا قىلىشتا سۇنى ئاققۇزۇپ يۇيۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغاچقا، ئۇ ۋاننا سۇيىدە يۇيۇنۇشقا ئوخشىمايدۇ. دوكتور سىر ئەپەندى ئۆزىنىڭ «كېسەللىكلەر ئىلمى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق كۆرسىتىدۇ: "ساغلام كىشىلەرنىڭ سۈيدۈكىدىمۇ يالغۇز باكتېرىيىلا بولۇپ قالماي، يەنە خىمىيىلىك ماددىلارمۇ بولىدۇ. ھەر گىرام گەندىنىڭ تەركىبىدە سانسىزلىغان ئادەتتىكى باكتېرىيىلەر بولغاندىن سىرت، يەنە نەچچە يۈز مىليونلىغان باكتېرىيە ھۈجەيرىلىرى بولىدۇ. مانچېستىر ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ باكتېرىيىلەر نەچچە قات تازىلىق قەغىزىدىن ئۆتۈپ قولغا سىڭىپ كىرەلەيدۇ." ئالدى ۋە كەينى پېشاپتىكى مەينەتچىلىكلەرنى پاكىز سۇنى ئاققۇزۇپ يۇيۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تازىلاش ئەۋرەتكە يۇققان مەينەتچىلىكلەردىكى كېسەل مىكروبلىرىنى تازىلاپ چىقىرىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى" (4-سۈرە، 103-ئايەت). قائىدە بويىچە، مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى بەش ۋاق ناماز ئۆتىشى لازىم. نامازنىڭ مۇقەررەر ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك شەرتى سۈپىتىدە، ناماز ئۆتىگۈچىلەر زۆرۈر تېپىلغاندا چوقۇم غۇسۇل قىلىشتىن باشقا، ھەر كۈنى يەنە تەكرار-تەكرار تاھارەت ئېلىشى لازىم. تازىلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تاھارەتنىڭ ئەھمىيىتىنى ئوڭايلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؛ كەيپىياتنى تىزگىنلەش، ئىرادىنى تاۋلاش يۈزىسىدىن ئېيتقاندىمۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. يىل بويى ئۇدا غۇسۇل قىلىش، تاھارەت ئېلىش قارىماققا ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئالىيجاناپ ئەخلاقىنى ساقلىيالايدىغان مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد كۈچىدىن باشتىن ئاخىر بوشاشماستىن بۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، "قىيىن ئىش يوق ئالەمدە"، "ئىرادىسى چىڭ كىشىلەر ئۈچۈن قىيىن ئىشمۇ ئاسانلىشىدۇ، ئىرادىسى بوش كىشىلەر ئۈچۈن ئاسان ئىشمۇ قىيىنغا توختايدۇ" دېگەن سۆزلەر ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەردۇر. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قېلىپلاشقان، تۈزۈملەشكەن، كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق رىئايە قىلىشىغا تايىنىدىغان بۇ خىل پاكىزلىق ئەندىزىسى ئادەتتە چاقىرىق قىلىنىۋاتقان تازىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىللىككە ۋە مۇقىملىققا ئىگە ئىكەنلىكى مۇقەررەر.

غۇسۇل قىلىش، تاھارەت ئېلىشنىڭ بىۋاسىتە، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمىدىن باشقا، يەنە نىيەتنىڭ پاكلىنىشىغىمۇ ناھايىتى زور تەسىرى بولىدۇ. «شەرھى ۋىقايە» ناملىق شەرىئەت كىتابىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئىنسانلارنىڭ پىر بوۋىسى ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەن ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قول، پۇت، باش، يۈزلىرى مەنئى قىلىنغان دەرەخكە يېقىلىشىپ، مەنئى قىلىنغان مېۋىنى ئۈزۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۆتىگەن؛ شۇڭا، تاھارەت ئېلىشتا "ئۈچ يۇيۇش، بىر مەسھى" بەلگىلەنگەن. ئەمما بۇ ھەرگىز ئالدىنقىلارنىڭ كېيىنكىلەر ئۈچۈن جاۋابقا تارتىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى "ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار" (6-سۈرە، 164-ئايەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بىگۇناھلارنى چېتىۋېلىشقا قارشى تۇرىدۇ. تاھارەت ئېلىشتا بەلگىلەنگەن "ئۈچ يۇيۇش، بىر مەسھى" پەقەتلا كېيىنكىلەرگە ئالدىنقىلارنىڭ ساۋاقىدىن ئىبرەت ئېلىشقا سىگنال بەرگەنلىكتىنلا ئىبارەت. يۈز يۇيۇۋاتقاندا پاك-ھايالىق، يۈز-خاتىرلىك ئادەم بولۇشنى ئويلاش؛ قولنى يۇغاندا پەقەت ساۋابلىق ئىشلارنىلا قىلىپ، يامان ئىشلارنى قىلماسلىقنى ئويلاش؛ باشقا مەسھى قىلغاندا چوقۇم مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىشنى ئويلاش؛ پۇتنى يۇغاندا پەقەت توغرا يولدىلا مېڭىپ، ناتوغرا يولغا قەدەم باسماسلىقنى ئويلاش لازىم. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، غۇسۇل قىلىش، تاھارەت ئېلىش بەدەندىكى كۆرۈنۈشكە بولىدىغان پاسكىنىچىلىقلارنى تازىلاپلا قالماي، بەلكى يەنە مەنىۋى بۇلغىنىشنى توسۇپ، كىشىلەرنى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى يۇقىرى دەرىجىدىكى پاكىز مۇھىتقا ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر قېتىم تاھارەت ئېلىشنى بەدەن ۋە قەلبنىڭ بىر قېتىملىق كىچىك پاكلىنىشى، بىر قېتىملىق غۇسۇل قىلىشنى بەدەن ۋە قەلبنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ پاكلىنىشى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. قەلبنىڭ پاكلىنىشى ئاساسلىقى ناماز ئۆتەش يولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر كۈندىكى بەش ۋاق ناماز كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئەقلىي جەھەتتىن تىزگىنلىشى بىلەن رىتىملىق بەدەن ھەرىكىتىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى روھىي كەيپىياتنى ئۆزگەرتىپ، قەلبنى پاكلاشتۇرىدۇ.

نامازدىن باشقا، قەلبنى پاكلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان دىنىي ئەمەللەردىن يەنە "زاكات"مۇ بار. "زاكات"نىڭ سۆز مەنىسى "پاكىزلىق"تۇر. زاكات بېرىش ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ ئىچىدە ئادەتتە روزا تۇتۇشنىڭ كەينىگە تىزىلىدۇ. بىراق «قۇرئان كەرىم»دە 15 يەردە زاكات بىلەن ناماز تەڭ ئورۇنغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئوخشاشلا پاكلاش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا، ھەقىقەتەن، مۇقەررەر ئىچكى باغلىنىش مەۋجۇت. شەرىئەت بەلگىلىمىسى بويىچە، زاكات ھەربىر كىشىنىڭ ھالال مال-مۈلكىدىن بەلگىلىك نىسبەتتە ئاجرىتىپ، نامراتلارنى يۆلەشكە ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ئۆزىگە قېلىپ قالغان مال-مۈلۈك تېخىمۇ پاكلىنىشىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىغا ۋە ئۆز-ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە بولغان بىر خىل سىناقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئومۇمەن زاكات بەرگۈچىلەرنىڭ قەلبى مۇقەررەر ھالدا پاكلىنىدۇ. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىسلام دىنى ماددىي بايلىق يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا يەنە چەكسىز ھالدا مال-بايلىق توپلاشقا قارشى تۇرىدۇ. چۈنكى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن جىنايى قىلمىشلارنىڭ كۆپ قىسمى چەكسىز ھالدىكى مال-بايلىق توپلاش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى زاكات تۈزۈمى جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش، جىنايى قىلمىشلارنى ئازايتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچى-تېشى پاكىز بولۇش دېگەن پاكىزلىق ئەندىزىسىنى زور بىر سىستېما قۇرۇلۇشى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا غۇسۇل قىلىش، تاھارەت ئېلىش، ناماز ئۆتەش، زاكات بېرىشلەر ئىچى-تېشى پاكىز بولۇش جەھەتتىكى ئېتىقادنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماي، يەنە يېمەك-ئىچمەك، قىلمىش، ئەدەب-ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەلگىلىمىلەرمۇ ئىچى-تېشى پاكىز بولۇشنى جارى قىلد-

دۇرۇش رولىغا ئىگە. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ھەممە تەرەپتىن پاكلىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. تۆۋەندە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

**1. يېمەك-ئىچمەككە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر:**

ئىسلام دىنىدا كىشىلەرنىڭ ئېسىل تائاملارنى يېيىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "ئاللا سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللادىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى" (2-سۇرە، 173-ئايەت). يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت خىل نەرسىنى يېيىشنى ھارام قىلىشنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا سەۋەبى بار. كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ بەدىنىدە مۇقەررەر ھالدا زىيانلىق ماددىلار بولۇپ، ئۇنى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا دېزىنفېكسىيە قىلغان بىلەنمۇ، ئۇ ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلىغىلى بولمايدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلغاندا سالامەتلىككە چوقۇم زىيان يەتكۈزىدۇ. قېرىپ ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ گۆشى تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىنى يوقىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كېسەللىك مىكروبلىرى ۋە زەھەرلىك ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن. قان بولسا بەدەنگە ئاز مىقداردىكى پايدىلىق ماددىلار بىلەن كۆپ مىقداردىكى زىيانلىق ماددىلاردىن تەركىب تاپقان. ئۇنى ئىستېمال قىلىشنىڭ زىيىنى پايدىسىدىن كۆپ، شۇڭا ئۇنى ئىستېمال قىلىش ھارام قىلىنغان. چوشقىنىڭ تەبىئىتى ئاچكۆز، ئۇرقى سەت، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياشاش مۇھىتى ناھايىتى پاسكىنا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشمۇ سالامەتلىككە چوقۇم زىيانلىق. ئاللادىن غەيرىينىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلىش بولسا، ئىسلام ئەقىدىسىنى ساپلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن بېكىتىلگەن بىر خىل چەكلىمىدۇر.

**2. قىلمىشلارغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر:**

«قۇرئان كەرىم»دە: "ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتقا چوقۇنۇش، پال سېلىش" (5-سۇرە، 90-ئايەت) تەك تۆت خىل قىلمىش قاتتىق مەنئى قىلىنغان. بىر ئاللادىن باشقا مەبۇت يوق دېيىدىغان قاراشنى توپ ئېتىقاد قىلغان ئىسلام دىنىنىڭ بۇتقا چوقۇنۇش، پال سېلىشنى قاتتىق چەكلىشى كۆرۈنۈپلا تۇرغان ئىش. بىراق يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتتە ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناشنى مەنئى قىلىش ئاۋۋال تىلغا ئېلىنغانلىقى بۇ ئىككى خىل قىلمىشنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنىڭ ھەممىدىن زور بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، نۇرغۇنلىغان كېسەللەرنى ھاراق ئىچىش كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، يەنە جەمئىيەتتىكى ئۇرۇش-جېدەل، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ھەتتا ئېغىر قاتناش ۋەقەلىرىنىڭمۇ كۆپىنچىسىنى ھاراق ئىچىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ھاراقنى چەكلەش كەيپىياتى شەكىللەندى. قىمار ئويناشمۇ ئوخشاشلا ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان قىلمىش بولۇپ، قارىماققا ئۇتۇش، ئۇتتۇرۇش ئاساسىدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدەك كۆرۈنسىمۇ، مەيلى ئۇتۇش بولسۇن ياكى ئۇتتۇرۇش بولسۇن بەرىبىر ياخشى نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ. ئۇتقانلار دائىم راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ، پۇل-مالنى توپا سورۇنغاندەك سورۇيدۇ، ھاراق-شاراب ھەم پۇلغا بېرىلىپ چۈشكۈن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ؛ ئۇتتۇرۇۋەتكەنلەرنىڭ يېنىكرەكلىرى قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلىدۇ، ئېغىرراقلىرى بولسا ئۆي-ۋارانلىرىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولىدۇ، دەرغەزەپكە كېلىپ ھەتتا بۇلاڭچىلىق قىلىش، قىساس

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

قاتىللىقى قىلىشتەك ئېغىر جىنايەتلەرنى سادىر قىلىدۇ. قىمار ئويناشنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ناھايىتى زور بولغاچقا «قۇرئان كەرىم» دە ئۇ "شەيتاننىڭ ئىشى" (5-سۈرە، 90-ئايەت) دەپ ئەيىبلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا «قۇرئان كەرىم» دىكى "ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار" (2-سۈرە، 195-ئايەت) دېگەن ئايەتكە ئاساسەن، ئومۇمەن تەن سالامەتلىككە ۋە روھىي كەيپىياتقا زىيانلىق مەست قىلغۇچى بۇيۇملار، مەسىلەن، ئەپيۇن، نەشە، خىرويىن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق چەكلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تەن سالامەتلىكى ۋە روھىي كەيپىياتىنىڭ ساغلاملىقىنى ئاسراش ئۈچۈن ئىسلام دىنىدا ناتوغرا جىنسىي مۇناسىۋەت قاتتىق چەكلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم دۆلەتلەردە مەيدانغا چىققان شەھۋانىي قىلمىشلارغا قارىتا ئاگاھلاندۇرۇش تەرىقىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "ئۇ دۆلەتلەردىكى كىشىلەر شۇ قەدەر شەھۋەتپەرەس بولۇپ كەتكەنكى، بىھايالىقتا ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدۇ، ھازىرقى ۋاقىتتا كۆرۈلۈۋاتقان ۋابا كېسەلدىن باشقا، يەنە ئۇلاردا ئاتا-بوۋىلىرىمۇ ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ." ئەگەر 1494-يىلى ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئىسپانىيىنىڭ سولون شەھىرىگە تارقىلىپ بارغان سىفلىس كېسىلىنى ئەينى ۋاقىتتىكى "ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان" بىر خىل كېسەللىك دەپ قارىساق، ئۇنداقتا 80-يىللارنىڭ بېشىدا ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركىزى تەرىپىدىن "ئەيدىز كېسىلى" دەپ نام بېرىلگەن كېسەل مۇشۇ ئەسىردىكى "ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان" كېسەللىكتۇر. تارقىلىش سۈرئىتى تېز، ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولغان بۇ خىل ساقايماس كېسەل پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپ پۈتۈن دۇنيادا ناھايىتى زور ۋەھىمە پەيدا قىلدى. گەرچە غەرب دۆلەتلىرى زور مەبلەغ سېلىپ ۋاكسىنا ۋە دورىلارنى ئىشلەپ چىققان بولسىمۇ، بىراق بۇ قورقۇنچلۇق كېسەل يەنىلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يامرىماقتا. "شەھۋانىيلىق ھەممە گۇناھلارنىڭ مەنبەسى"، گەرچە ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىش يولى بىر خىللا بولمىسىمۇ، ئەمما قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، شۈبھىسىزكى، بۇ خىل كېسەلنىڭ تارقىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم يولدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى قانۇنلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلغاندىلا ئەيدىز كېسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جىنسىي كېسەللىكلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەيدىز كېسىلى تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى بىردىنبىر ئۈنۈملۈك چارە ھەربىر پۇقرانىڭ جىنسىي خاھىشنى توغرىلاشتۇر. ئۇنداق بولمايدىكەن، تۈمەن مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىپ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋاكسىنا ۋە دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپ چىققان تەقدىردىمۇ، ھەدىستە ئېيتىلغان "ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان كېسەللىك"لەرنىڭ قايتا كۆرۈلمەسلىككە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

### 3. ئەدەب-ئەخلاققا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر:

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاراڭلاردىكى ياخشى كىشىلەر ئاخىرەت ئۈچۈن دۇنيانى ياكى دۇنيا ئۈچۈن ئاخىرەتنى تەرك ئەتكۈچىلەر ئەمەس، بەلكى ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ تۇتقان كىشىلەر ياخشى كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ." بۇ ھەدىس شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي بايلىققا بولغان ئىنتىلىشكە قارشى تۇرمايدۇ، بەلكى شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، بىراق، مۇسۇلمانلار پۇل-مالنى ھەرگىز ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋالماسلىقى، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپە-

ئۆتنى دەپ قولىدىن كېلىدىغانلىكى چارىلەرنى
ئىشلىتىپ مال-بايلىق توپلىماستىن، بەلكى ئۇنىڭ
ئەكسىچە مال-بايلىققا يوللۇق ھالدا ئېرىشىشى ۋە
ئۇنى لايىقىدا سەرپ قىلىشى لازىم. شۇڭلاشقا
«قۇرئان كەرىم»دە بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا نۇرغۇن
چەكلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن، يېتىم-
لەرنىڭ مال-مۈلكىنى يەۋېلىش چەكلەنگەن
(4-سۈرە، 10-ئايەت)، پارە بېرىش چەكلەن-
گەن (2-سۈرە، 188-ئايەت)، پارە ئېلىش چەك-
لەنگەن (5-سۈرە، 42-ئايەت)، مال-مۈلۈكنى
قانۇنسىز ئىگەللىۋېلىش چەكلەنگەن (59-سۈرە،
7-ئايەت)، ئومۇمنىڭ مال-مۈلكىنى ئىگەللىۋې-
لىش چەكلەنگەن (3-سۈرە، 161-ئايەت)، باش-
قىلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئوغرىلاش چەكلەنگەن
(5-سۈرە، 38-ئايەت)، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم
بېرىش چەكلەنگەن (83-سۈرە، 1—3-ئايەت-
لەر؛ 11-سۈرە، 84—85-ئايەتلەر، 55-سۈرە،
7—9-ئايەتلەر)، جازانىخورلۇق قىلىش چەكلەن-
گەن (3-سۈرە، 130-ئايەت)، بۇزۇقچىلىق-زى-
ناخورلۇق قىلىش چەكلەنگەن (17-سۈرە، 32-
ئايەت؛ 24-سۈرە، 33-ئايەت). خۇلاسىلاپ ئېيت-
قاندا، بارلىق ھارام يول بىلەن قولغا كەلتۈرگەن
بايلىق پاسكىنا بايلىق بولۇپ، ھالال يول بىلەن
ئېرىشكەن بايلىقلا پاكىز، سەرپ قىلىشقا بولىدىغان
بايلىقتۇر.

ئىقتىسادىي قىممەت قارىشى جەھەتتىن ئې-
لىپ ئېيتقاندا، ھالال كىرىم بىلەن ھارام كىرىم
پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ. ئەمما، ئەخلاق ۋە دىنىي قىم-
مەت قارىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىككى خىل
كىرىم ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»
دە مۇنداق دېيىلگەن: "(ئى مۇھەممەد!)
ئېيتقىنكى، گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى (ئى تىڭ-
شىغۇچى) سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھارام بىلەن
ھالال باراۋەر ئەمەس" (5-سۈرە، 100-ئايەت).

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىقتىسادىي
قىممەت قارىشى خاتا بولۇپ، ئەخلاق ۋە دىنىي
جەھەتتىكى قىممەت قارىشى شۇبھىسىزكى توغرى-
دۇر. چۈنكى ئاۋۋالقى قىممەت قارىشى كىشىلەرنى
قولىدىن كېلىدىغانلىكى چارە-تەدبىرلەرنى ئىشقا
سېلىپ، ئۈستىلىق بىلەن قاقتى-سوقتى قىلىش
يولىغا باشلايدۇ. كېيىنكى ئىككى قىممەت قارىشى
بولسا كىشىلەرنى ھارام بايلىققا ئېرىشىشتىن چەك-
لەيدۇ. ئالىيجاناب، ئەخلاقلىق كىشىلەر بۇلارنى
ئۈرۈنلىيالايدۇ، تەقۋادار مۇسۇلمانلار بولسا تېخىمۇ
ياخشى ئۈرۈنلىيالايدۇ.

### 4. باشقا تەرەپلەردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر:

بۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام دىنىدا پاكىزلىققا
دائىر يەنە بىرمۇنچە بەلگىلىمىلەر بار. مەسىلەن،
«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "ئى ئادەم
بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا
ئەۋرەتلىرىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىم-
كېچەكلىرىڭلارنى كىيىڭلار" (7-سۈرە، 31-ئايەت)
«قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دېيىلگەن:"كى-
يىمىڭنى پاك تۇت" (74-سۈرە، 4-ئايەت). كى-
شىلەرنى سىرتقى قىياپەت-تۇرقى، رەڭگى-روھىغا
دىققەت قىلىشقا ئۈندەيدىغان ھەدىسلەرمۇ ئاز ئە-
مەس. مەسىلەن، بىر قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام
چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن پاقىباش بىر كىشىنى
كۆرۈپ: "بۇ كىشى چېچىنى تۈزەيدىغان بىرەر
نەرسە تاپالمىغاندىمۇ؟" دېگەن. يەنە بىر قېتىم
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىيىملىرى كىرلىشىپ
كەتكەن بىر كىشىنى كۆرۈپ: "بۇ كىشى كىيىملى-
رىنى يۇيىدىغان بىرەر نەرسە تاپالمىغاندىمۇ؟"
دېگەن. بۇلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۆزىنى تۈزى-
مەي يۈرۈش توغرا ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-
لام تەشەببۇس قىلغان خەتنە قىلىش، تىرناق ئې-
لىش، ئەترە چېچىش، ساقال-بۇرۇت ئېلىش قاتار-

لقلارنىڭ ھەممىسى ياخشى پاكىزلىق ئادەتلىرىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇھىت تازىلىقىغىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ مۇھىتنىڭ پاكىز بولۇشىنى ناماز ئۆتەشنىڭ تۈپ شەرتى دەپ قاراپلا قالماي، يەنە "سىلەر ھويلا-ئارامىڭلارنى پاكىز تۇتۇڭلار" دەپ چاقىرىق قىلغان. مۇھىت تازىلىقىنى ئاسراش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغان ئۈچ قىلىقتىن ساقلىنىڭلار، ئۇ بولسىمۇ، سۇغا، كىشىلەرنىڭ ماڭىدىغان يولىغا، ئۇلارنىڭ سايىدايدىغان جايىغا تەرەت قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت". ئىسلام دىنى يولغا قويغان پەرلىككە دەپنە قىلىش، ئاددىي دەپنە قىلىش، تېز دەپنە قىلىش تۈزۈمىنىڭمۇ مۇھىت تازىلىقىغا ئاكتىپ ئەھمىيىتى بار.

يۇقىرىقىدەك پاكىزلىق ئادەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق ئەندىزىسىنىڭ بىر خىل يۇقىرى قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىملىك پاكىزلىق ئەندىزىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## پاكىزلىق قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ساغلام ياشاپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش

ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق ئەندىزىسىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ۋۇجۇد ۋە قەلب سالامەتلىكىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى زور. بىراق، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇ خىل تەسىرگە ئۇچراش دەرىجىسى ئۆز ئەمەلىيىتىگە بېقىپ ئوخشاش بولمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىش دەرىجىسىمۇ ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئومۇمەن، بۇ خىل پاكىزلىق ئەندىزىسىگە ئىزچىل رىئايە قىلغۇچىلار كۆپ مەنپەئەتدار بولىدۇ، قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويۇپ بولدى قىلىدىغانلار ئاز مەنپەئەتدار بولىدۇ. بىراق، ئومۇمەن ئېيتقاندا، قەدىمدىن ھازىرغىچە چەت ئەل ۋە جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق ئەندىزىسىدىن مەنپەئەتدار بولغان كىشىلەردۇر. شۇڭا "مۇسۇلمان بوۋاي، مومايلار كۆپىنچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ" دېگەن قاراش شەكىللەنگەن.

گېزىتتە خەۋەر قىلىنىشىچە، بىر قىرغىز موماي بۇ يىل (1990-يىل) 102 ياشتا بولۇپ، چاشقان يىللىق ئىكەن. ئۇ ھەر كۈندىكى بەش ۋاق نامازنى ئەزەلدىن ئۈزۈپ قويماپتۇ. مومايىنىڭ مىجەزى ئوچۇق بولۇپ، قۇلىقى ئېنىق ئاڭلايدىكەن، كۆزى تورلاشمايدىكەن، قوي بېقىش، سۈت سېغىش ۋە تىكىپ-ياماش قاتارلىق ئائىلە ئىشلىرى بىلەن دائىم مەشغۇل بولۇپ تۇرىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، پاكىستاننىڭ ئىسلامئاباد شەھىرىدىكى ئۆمۈر چولپىنى جايناد بېبىل بوۋاي 125 ياشتا بولسىمۇ، يەنىلا بىمالال يول ماڭالايدىكەن، ئەس-ھوشى جايىدا بولۇپ، ھەر كۈنى بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىكەن، رامىزان ئېيىدا ئاۋۋالقىدەكلا روزا تۇتىدىكەن، روھىي كەيپىياتى يەنىلا تېتىك ئىكەن.

جىرۋې ئەپەندى ئۆزىنىڭ «تازىلىق ۋە سالامەتلىك» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ سىرى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەخسۇس مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. تۆۋەندە ئۇ ماقالىنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنماقچىمەن:

ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ساغلام بولۇپلا قالماي، ئۇلار ئىچىدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭ سانىمۇ كۆپ. 1982-يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان نوپۇس تەكشۈرۈشتە بايقالدىكى، شىنجاڭدا يۈز ياشتىن ئاشقان قېرىلار 865

نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 802 نەپەر ئىكەن؛ نىڭشيادا يۈز ياشتىن ئاشقان كىشىنىڭ 21 نەپىرى خۇيزۇ ئىكەن. 1987-يىلى دۆلەتلىك پىلان-ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىر پىرسەنت نوپۇسقا قارىتا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش سەۋىيىسى (60 ياشتىن يۇقىرى كىشىلەر ئىچىدىكى 80 ياشتىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ نىسبىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئوخشاش ئەمەسكەن. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا بولۇپ، 12.61 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن؛ نىڭشيادىكى خۇيزۇلار ئىككىنچى ئورۇندا بولۇپ، 10.12 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن؛ ۋەھالەنكى خەنزۇلار ئارانلا 7.6 پىرسەنتنى ئىگىلەپ، ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن.

ئۇنداقتا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سىر نەدە؟

ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۇلارنىڭ ياخشى تۇرمۇش ئادىتىگە ئىگە بولغانلىقى ۋە ئوچۇق-يورۇق، كۆڭلى ئازادە بولۇشنى تەشەببۇس قىلغانلىقىدا ئىكەن. ئۇلار بىرىنچىدىن، پاسكىنىلىقنى قاتتىق چەكلەيدۇ. ئۇلار پاكىز يۇيۇلمىغان يېمەكلىكلەرنى يېمەيدۇ؛ كېسەل بولۇپ ئۆلگەن، غۇلاپ چۈشۈپ ئۆلگەن، سوقۇلۇپ ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ، يېمەك-ئىچمەك تازىلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. قۇدۇقتىن سۇ ئىچىدىغان يېزىلاردا، ئۇلار سۇ تارتىشتىن ئاۋۋال قوللىرىنى يۇيىدۇ، سۇ چېلەكنى پاسكىنا يەرگە قويمايدۇ. بەدەننىڭ پاكىزلىقىنى مۇسۇلمانلار پەرز دەپ بىلىدۇ.

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كىشى ھەر قېتىم ناماز ئۆتەشتىن بۇرۇن چوقۇم تاھارەت ئېلىشى كېرەك. تاھارەت ئالغاندا قول، يۈزنى، پۇتنى يۇيۇشى، ئېغىزنى چايقىشى، ئالدى-ئارقا پىشاپنى يۇيۇشى كېرەك. ھەر جۈمە كۈنى چوقۇم غۇسۇل قىلىپ پۈتۈن بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى پاكىزلىشى لازىم. ئەر-ئايال بىرگە بولغاندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشى لازىم (ئائىلىلەردە كۆپىنچە غۇسۇل قىلىشقا ئىشلىتىدىغان غۇسۇلدان تەييارلانغان بولىدۇ). ئەرلەر ئىھتىلام بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاياللار ھەيزدىن كېيىن بويىنى سۇغا سېلىشى كېرەك. سۇ قىس جايلاردا ئەرلەر كۆپىنچە مەسچىتلەردىكى سەرراپلاردا، ئاياللار ئۆيلىرىدە يۇيۇنىدۇ. ئىككىنچىدىن، مۇسۇلمانلار ھورۇنلۇقنى چەكلەيدۇ. مۇسۇلمانلاردا بالدۇر يېتىپ بالدۇر قوپىدىغان ئادەت بار. يەنە ئۇلارنىڭ ناماز ئۆتىگەن ۋاقتىتىكى رۇكۇ قىلىش، سەجدە قىلىش ھەرىكەتلىرى رېتىملىق، نىيەت-ئىقبالى يىغىلغان ھالەتتە بولۇپ، بۇلارمۇ سالامەتلىككە ناھايىتى پايدىلىق. ئۈچىنچىدىن، مۇسۇلمانلار ئاچكۆزلۈك بىلەن نەرسە يېيىشنى چەكلەيدۇ، ھەر قېتىملىق تاماقتا سەككىز ئۈلۈش تويۇش بىلەن چەكلىنىدۇ، شۇنداقلا تاماقتىن كېيىنلا ئۇخلىمايدۇ. تۆتىنچىدىن، مۇسۇلمانلار شەھۋەتپەرەسلىكنى چەكلەيدۇ. بەشىنچىدىن، مۇسۇلمانلار تاماگەرلىكنى چەكلەيدۇ. ئالتىنچىدىن، مۇسۇلمانلار تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىشنى چەكلەيدۇ.

يۇقىرىقى "ئالتە چەكلىمە"دىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىلمىي قائىدىلەرگە ئۇيغۇن بولۇپ، سالامەتلىك ۋە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشكە ناھايىتى پايدىلىق.

www.uyghurkitap.com

جىرۋىي ئەپەندى يۇقىرىقى ماقالىسىدە نەقىل كەلتۈرگەن ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: ”مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۇلارنىڭ ياخشى تۇرمۇش ئادىتىگە ئىگە بولغانلىقى ۋە ئۇچۇق-يورۇق، كۆڭلى ئازادە بولۇشتەك روھىي كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىدۇر.“ بۇنىڭدىكى بىرىنچى سەۋەبنى مۇئەللىپ بىرقەدەر ئېنىق تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەنلىكتىن بۇ ھەقتە قايتا توختالمايمەن. ”ئۇچۇق-يورۇق، كۆڭلى ئازادە بولۇش“قا قارىتا قوشۇمچە قىلىپ ئۆتمەكچىمەن:

مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ قورساق بولۇش ئىدەيىسى ئىسلام دىنىدىكى ”ئىككىلا دۇنيادا بەخت-سائادەتلىك بولۇش“ دېگەن دۇنيا قارىشىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ ئۇلار ھەم ھازىرقى ھاياتلىقنى قەدىرلەيدۇ، زۆرۈر بولغاندا ئۆلۈمنىمۇ بىر خىل سەپەر دەپ بىلىدۇ دېگەنلىكتۇر. بۇ خىل ئىدىيىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا، مۇسۇلمانلار ھەر دائىم ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت، غەلىبىسىنى ئاللانىڭ رەھمىتى دەپ ھېسابلايدۇ؛ ئۆزلىرىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىنى ۋە مەغلۇبىيىتىنى، ھەتتا ئۆزلىرىگە كەلگەن ئاپەتلەرنى ئاللانىڭ ئۆزلىرىگە بولغان سىنىقى دەپ بىلىدۇ. خۇشاللىققا ئېرىشكەندە خۇدىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، ئاپەتكە ئۇچرىغاندا يەنىلا تەمكىن تۇرالايدۇ. بىئولوگىيە-سوتسىئولوگىيە-پسىخىئولوگىيە مېدىتسىناسى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل روھىي كەيپىيات بەدەننىڭ ھاياتىي كۈچىنى تەڭشەش، كۆڭۈلدىكى غەم-قايغۇنى تۆكۈش، بەدەننىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش، روھىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ تۇيۇقسىز قوزغىلىشىدىن ساقلىنىش قاتارلىق تەرەپلەرگە ناھايىتى پايدىلىق. قەدىمدىن تارتىپ تاھازىرغىچە ساغلام بولۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش كىشىلەر ئارزۇ قىلىدىغان نىشان بولۇپ كەلمەكتە. ئەمما ھازىرغاقەدەر بۇنىڭ ئۇنۇملۇك تەدبىرى كۆرۈلگىنى يوق. ۋەھالەنكى، ئىسلام دىنىنىڭ ”تەقۋادارلىق“ ھېكمىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن پاكىزلىق ئەندىزىسى مۇسۇلمانلارنى بىر ئۆمۈر پايدىلىق ئۇنۇمگە ئىگە قىلماقتا.

## خاتىمە

ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدىغان ئىسلام پاكىزلىق ئەندىزىسى ئىنتايىن مول پەن-مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق ئەندىزىسى يالغۇز ۋۇجۇد ۋە قەلبنى ساپلاشتۇرۇش، مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش، جەمئىيەتنى ساپلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىلا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ قالماستىن، بەلكى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەنمۇ ماسلىشالايدۇ. شۇڭا ئۇنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي ھەركەت مىزانىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

(بېشى 33-بەتتە)

ئۆلگە قىلىپ جەمئىيەتكە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشقا ئادەتلىنىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ماددىي ۋە مەنىۋى مىراسلىرىنى قەدىرلىشىمىز، ئۇلارنىڭ يۈز-ئابرويىغا نۇقسان يېتىدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىقىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بىز ھەقىقىي ئىنسانىي سۈپەتكە لايىق ساپ دىل، ئالىيجاناپ، سەممىي، ئاقكۆڭۈل، تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولالايمىز.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى)

# بەندە ئۆز قىلمىشى ئالدىدا جاۋابكار

جاڭ چيەن

بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرىدە تەگسىزلىككە ئۇچرىغانلىقى ھەتتا بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن ئاغرىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇنداق ئاغرىنىش ياخشى ئەمەس، چۈنكى، بۇنداق قىلىشنىڭ ئەھۋالنى ياخشىلاشقا ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق قىلىش ئۆزىنىڭ روھىي ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا ھەقىقىي ھېسداشلىققا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىمۇ بەرمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» مۇنداق تەلىم بېرىدۇ: ”بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز، (بۇ) ئاللانىڭ (ھەقىقىي) مۆمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شېھىتلەردىن قىلىشى ئۈچۈندۇر، ئاللا زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ“(3 ـسۈرە، 140ـ ئايەت) . بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقۇش، بەختسىزلىككە ئۇچراش ھەرقانداق بىر ئادەم خالىي بولالمايدىغان ئەھۋال. بۇ ئاللاتائالانىڭ ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن سىنىقى، ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشتىكى ۋەزىپىسى ئاللاتائالا ئالەمگە بەلگىلەپ بەرگەن قانۇنىيەتكە ئاساسەن ئاللا يولىدا دۇنيانى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. ھەربىر ئادەم ھەقىقەتەن ئوخشاش بولمىغان مۇھىت ۋە پەيتتە ئالەمگە كېلىدۇ، بۇنداق بولۇشى بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باغلىق ئەمەس. ناۋادا بىزنىڭ ياشاش مۇھىتىمىز ۋە ئىجتىمائىي شارائىتىمىز ئوپمۇئوخشاش، قىلچە پەرقلەنمەيدىغان بولسا، ھەربىر ئادەمنىڭ ئارزۇ-تىلىكى ۋە ئىقتىدارىمۇ ئوخشاشلا بولسا، دەرۋەقە كىشىلەردە ئۇنچىۋالا كۆپ قايغۇ-پەرىشانلىق بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ھېچقانداق خۇشال-خۇراملىقنىڭمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ ئۇلۇغ تەبىئەت سىرىنىڭ قۇدرىتى. ھالبۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئاللاتائالانىڭ ياراتمىشى ۋە ئىرادىسى.

ئاللاتائالاغا ئېتىقاد باغلىغۇچىلار بەندىنىڭ ئۆز تەقدىرىدىن ئاغرىنىشىنى توغرا تاپمايدۇ، بەلكى سەۋر-تاقەتلىك بولۇشنى، بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق بىر ئىشقا توغرا مۇئامىلىدە بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن بەزىلەر باشقا بىر قۇتۇپقا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار، ھەممە ئىشنى ئاللاتائالا ئورۇنلاشتۇرغان، بەندىدە ھېچقانداق ئىقتىدار ۋە قۇدرەت بولمايدۇ، دەپ قارارلاشتۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۆز زىممىسىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەرنىمۇ ئاللاتائالاغا يۈكلەپ قويۇۋاتىدۇ. مەلۇم بىراۋ قانۇنغا خىلاپ ئەسكىلىك قىلىپ، جازاغا تارتىلغاندا، ئۇلار ھەسرەتلىنىپ ”ھەي! نېمە ئامال! ئاللاتائالانىڭ ئىجازىتى شۇكەن!“ دېيىشىدۇ. بالىسى تىرىشىپ ئوقۇماي، كوچىمۇكوچا ئىش تېرىپ يۈرسە، ئائىلە باشلىقى بولغۇچى تەربىيە بەرمەي، باشقۇرماي، ئەكسىچە ”قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا، بەندىدە نېمە ئامال بولسۇن!“ دېيىشىدۇ. بۇ گەپلەر، ئاڭلىماققا گويا بىر خىل ئىخلاسمەنلىك روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەندەك قىلىدۇ، ماھىيەتتە ئىماننىڭ ئەكسىگە قاراپ ماڭغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار شۇنى ئويلىمىغانكى، ئاللاتائالا ئىنساننى يارىتىشتا، دۇنيانى باشقۇرسۇن دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەقسەتتە ياراتقان (2-سۈرە، 30-ئايەتتىن پايدىلىنىڭ). ھەربىر بەندىنىڭ ئۆزىنىڭ ياشاش ۋەزىپىسى بولىدۇ، ھەربىر بەندىنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت تۇرۇش قىممىتى بولىدۇ. ئاللاتائالا ھەربىر ئادەمگە قارىتا تولۇپ تاشقان مېھىر-مۇھەببەت باغلاپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق مەخلۇقاتلارغا (يارىتىلغۇچىلارغا) مۇتلەق ئادىل مۇئامىلىدە بولىدۇ. ئاللاتائالانىڭ ئوخشىمىغان تەبىئەتلىك، ئوخشىمىغان مۇھىتتىكى، ئوخشىمىغان شارائىتتىكى كىشىلەردىن كۈتىدىغان تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ (23-سۈرە، 62-ئايەتتىن پايدىلىنىڭ). ئاللاتائالا پەقەت ھەربىر بەندىنىڭ مادارى يېتەلەيدىغان ئىشلارنىلا سۈرۈشتە قىلىدۇ، ھەرقانداق بىر بەندىنى ئۇۋالچىلىققا سالمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن تەقدىرنىڭ كۈشەنى دېگەن بۇ بىر مادda ساقىت قىلىنىدۇ. ئىسلام ئېتىقادىدا ھەم ئاللانىڭ ھەممىنى يارىتىدىغانلىق ئۇلۇغ قۇدرىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ، ھەم ئىنساندا ئاللانىڭ قانۇن-مىزانى بويىچە يارىتىش ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارى بولىدىغانلىقىمۇ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئالەمدە ئېھتىمال پەقەت ئىنسانغىلا قورال-سايمان ياساش ئىقتىدارى ئاتا قىلىنغان. شۇڭا، تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇت بولغان ھەر خىل ئىپتىدائىي ماددىلار ئۆزگەرتىپ ئىشلىنىپ، ئىنسانىيەت ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلۇش بىلەن، ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ھاسىل قىلىنغان. ئىككى جىنسنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىنسانلار كۆپىيىپ بارىدۇ، بۇ خىل كۆپىيىشتە ئىرسىيەت ئامىلى سەل قاراشقا بولمايدىغان ئامىل. ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كېيىنكى ئەۋلادلار ئالدىدا، ئىنسان ئۆزىدىكى بويالغۇچى تەنچىنىڭ چىقىرىلىشى، ئىرسىيەت ئامىلىنىڭ ئۆتۈشۈشى جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتتىن ھەرگىز قوتۇلالمايدۇ. تەربىيىلىنىشى ياخشى بولغان، يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتلىك بىر ئادەمنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بىلەن، قىمارۋاز، ھاراقكەش ئەخلاقى بۇزۇق بىر ئادەمنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بىر- بىرىدىن زور پەرقلىنىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتە ئىرسىيەت ئامىلى بۇزۇلغان ئالدىنقى ئەۋلاد مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، ھالبۇكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى كېيىنكى ئەۋلاد بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "سىلەر ھەربىرىڭلار مال باققۇچى، ھەممىڭلار باققان مېلىڭلار ئۈچۈن جاۋابكار بولىسىلەر" دەپ تەلىم بەرگەنىدى. ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز بىراۋنىڭ ئىشىغا جاۋابكار بولمايدۇ، ئەمما ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىراۋنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن چوقۇم ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋەھيىسىدە: "كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ" دېيىلگەن(99-سۈرە، 7—8-ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەر شۇنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇكى، غەرەزلىك ھالدا خاتا يول تاللىغان ئادەم ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشنى قىلىپ، ۋاقىتىنچە مەلۇم نەپكە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ باشقىلارغا زىيان سېلىشتەك قىلمىشى ھامان ئاخىر ئۆزىگە زىيان سېلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. شۇڭا، ئىنسان ئۆزى تاللىغان ئىشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

بىز ئاللاتائالانىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى تونۇيمىز، بۇنداق قىلىشىمىز توغرا. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قاچساق بولمايدۇ. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ئىككى ئايەت چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

("ئى ئىنسان!) ساڭا يەتكەن ياخشىلىق (مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئاللا تەرىپىدىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزۈڭدىندۇر"(4 سۈرە، 79-ئايەت).

"ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىز ئۇ-

لارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئىلگىرى ئەڭ يېقىنقى ئازاب (يەنى دۇنيا ئازابى) نى تېتىتىمىز"(32 -سۈرە، 21-ئايەت).

«قۇرئان كەرىم» ۋەھىيلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، پۈتۈن كائىنات ئاللاتائالا بەلگىلىگەن قانۇنلار بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاللاتائالا بېكىتكەن قانۇنلار ئىچىدە ئاللاتائالا ئوخشىمىغان تەبىئەتلىك، ئوخشىمىغان مۇھىت ۋە شارائىتتىكى كىشىلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەرگىز ئىنساننىڭ قۇدرىتى يەتمەيدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويمايدۇ (65-سۈرە، 7-ئايەتتىن پايدىلىنىڭ). لېكىن ئىنسانلار ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان چەكلىك دائىرىدىكى تاللاش ئەركىنلىكى بىلەن ھاسىل قىلىنغان ئاقىۋەتكە قارىتا، ئاللاتائالا مۇتلەق ئادىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىدۇ. خۇددى يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان 4-سۈرە، 79-ئايەتتىكى ۋەھىيدە كۆرسىتىلگەندەك، ئىنساننىڭ بەختسىزلىكىنى ئۆزىنىڭ قىلمىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇلاردىن ئاز ساندىكى، ئاڭقىرىپ ئالالماي پەيدا بولغان ئاقىۋەتلەرنى ئاللاتائالا ئىمكانقەدەر ئەپۇ ۋە كەچۈرۈم قىلغاندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرلىك جازا بېرىپ، ئۇنىڭ ئويغىنىشىغا تۈرتكە قىلىدۇ. كىشىلىك ھاياتىدا، بولۇپمۇ ئىدىيە جەھەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، زور زىلزىلىنى باشتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك، دېگەن سۆزمۇ مۇشۇ مەنىدە ئېيتىلغان. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: "ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللا ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى"(30 -سۈرە 41-ئايەت). «قۇرئان كەرىم» تەلىماتلىرى ئىنساننى ئۆزىنىڭ چەكلىك ھاياتىدا ئۆز خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيالىق ھاياتىدىكى بەخت-سائادىتى ۋە ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئاساس سېلىۋالسۇن دەپ، ئۇنىڭغا جازا بېرىشنى ئۇنىڭ ئويغىنىشىغا مەدەت بېرىدىغان بىر خىل تەربىيىلەش ۋاستىسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئىلگىرى، ئاللاتائالانىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىگە ئېتىقاد قىلىشنى بەندە ھېچقانداق ئىشنى ئۆزى ئىگە بولۇپ قىلالمايدۇ، ھەممە ئىش ئاللاتائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدۇ، بەندىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى مەجھۇل(ئامالسىز) بولىدۇ دەپ چۈشىنىپ كېلىنگەن. بۇ خىل تونۇش كىشىلەرنى پاسسىپ ۋە ئۈمىدسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ، ھەرقانداق يۈكسىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ قويغان. بۇنداق قاراش ئاللاتائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمىگەنگە ئوخشاشلا خاتا. ئۇ مۇقەررەر ھالدا مەسئۇلىيەتسىزلىك، قىلچە ئۆكۈنمەسلىك ۋە قىلچە ئەيمەنمەسلىك ھالىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىسلام دىنى بەندىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تەكىتلەيدۇ، شۇنداقلا، شۇنى قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرىدۇكى، ھەربىر بەندە ئۆز قىلمىشىغا جاۋابكار بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئاللاتائالا ئىنسانغا تاللاش ئەركىنلىكىنى ئاتا قىلغان. بۇنداق تاللاش ئەركىنلىكى تەقدىرنىڭ مۇقەررەرلىكى ئىچىدە بولىدۇ، بەندە تەقدىرنىڭ مۇقەررەلىكى بولسا، ھامان بەندىنىڭ ئەركىن تاللىۋېلىشى ئارقىلىق گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. ئۇ قانچىلىك مەسئۇلىيەتكە جاۋابكار بولۇشى لازىم بولسا، ھەرگىز قانداقتۇر بىرەر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، ئارتۇق زىيانغىمۇ ئۇچرىتىلمايدۇ (بۇ جاۋابكارلىق ئازايتىلمايدۇ ياكى كۆپەيتىلمەيدۇ). بۇ دۇنيالىق ھاياتتىكى سىناق ۋە ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى جازا، ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنىڭ پەقەت كىچىككىنە بىر قىسمىدىنىلا ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

# مۇسۇلمانلار ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشى كېرەك

ئۆمەرجان مۇھەممەد

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئۇھ دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەللىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن" (17-سۈرە، 23-ئايەت). بۇ ئايەتتە ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئالدى بىلەن ئاللاغا ئىبادەت قىلىشى، ئارقىدىنلا ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشى تەكىتلەنگەن ھەم ئىككىلا دۇنيالىق بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاچقۇچى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-شەپقەت ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدىكى بىردىنبىر مۇھىم ۋىجدانىي مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ قىيامەت كۈنىدىكى بەخت-سائادەتنىڭ ئاساسى، جەننەتكە نائىل بولۇشنىڭ يولى. پەقەت ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىش (يەنى ئاللاتائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى تولۇق ئىجرا قىلىش، ئاللاتائالا چەكلىگەن ئىشلاردىن تولۇق قول ئۈزۈش) ھەمدە ئاتا-ئانىغا كۆپلەپ ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئاندىن ئاللاتائالانىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر" دېگەن

---

"سىلەرگە (يەنى جېنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئاللا نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلالماس ئىدىڭلار)" (42-سۈرە، 30-ئايەت).

«قۇرئان كەرىم»دىكى بۇ ۋەھىيلەرنى قايتىدىن ئۆگىنىش بۈگۈنكى كۈندە ئالاھىدە مۇھىم بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بىزنى ئۆزىمىزنى تىزگىنلەش ئېڭىمىزنى كۈچەيتىشكە، توغرا يېتەكچى تېپىشىمىزغا ئاگاھلاندۇرىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ بۇ دۇنيالىق بەخت-سائادىتى ۋە ئاخىرەتلىك خاتىرجەملىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ھوقۇقىنى مەسئۇلىيەتسىزلىك ياكى بىپەرۋالىق پوزىتسىيىسىنىڭ تۈيۈق يولغا باشلاپ كېتىشكە يول قويماسلىقىمىز لازىم. تەقدىرگە ئېتىقاد قىلىشنى ئۆزىمىزنى جاۋابكارلىقتىن قاچۇرىدىغان قالقان قىلىۋېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ھەممىسنى ئاللاتائالا ياراتقان. ئالغا ئىنتىلىش نىيىتىدە ياكى چۈشكۈنلىشىش پەيلىدە بولۇش ئۆزىمىز تاللىۋالغان ئىش. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىمۇ ئاللاتائالانىڭ يېتەكلىشى ياكى يېتەكلىمەسلىكى مەسىلىسى بار، ئەمما يېتەكلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۆز قىلمىشلىرىمىزنىڭ جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت. قايسىلا تامانغا قاراپ تىرىشساق، ئاللاتائالا سېنى قانائەتلەندۈرىدۇ، ياخشى ئىش قىلساق، چەكسىز تەرەققىي قىلىپ كېتىۋېرىسەن، ئەمما يامان ئىشنى قىلساق، مەلۇم دەرىجىگە بارغاندا چەكلىنىسەن، بۇ مۇقەررەر قانۇن.

سۆزى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاغا ئىبادەت قىلغاندىن باشقا، يەنە ئاتا-ئانىمىزنىڭ ھالىدىن ھەر ۋاقىت ياخشى خەۋەر ئېلىشىمىز لازىملىقىنى، ئۇلارنىڭ دىلىغا ھەرگىز ئازار بەرمەسلىكىمىزنى ناھايىتى ئېنىق، ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز يەنە «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇنۇ ئايىتىگە قارايدىغان بولساق، ئاتا-ئانىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن بېھساب ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. "بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى ئوتتۇز ئايدۇر" (46-سۈرە، 15-ئايەت).

ئۇيلاپ باقايلى، ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئانىسى بولىدۇ، ئىنسانلار ئانىسىز يارىتىلمايدۇ. دېمەك، دۇنياغا يارىتىلغان ئىكەن، ئۇ ئانىنىڭ مېھرىدىن بەھرىلەنگەن بولىدۇ، ئەلۋەتتە. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن بىز ئالدى بىلەن بىزنى يوقتىن بار قىلغان يەككە-يېگانە ئاللاغا ئىبادەت قىلىشىمىز لازىملىقىنى، ئاندىن بىزنىڭ بارلىققا كېلىشىمىزگە ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزگە تۈرتكە بولغان ئاتا-ئانىمىزغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇشىمىزنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىۋالالايمىز.

ھەرقانداق ئاتا-ئانا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بالىلىرى ئۈچۈن ئاتاشقا رازى، ھالبۇكى، بىز ئاتا-ئانىمىز ئۈچۈن بارلىقىمىزنى ئاتىيالامدۇق؟! ئانىمىز بىزنى تەۋەللۇت قىلىشتىن ئىلگىرى قانداق جاپالارنى چېكىپ قورسىقىدا كۆتۈرۈپ يۈرمىدى!؟ بىز بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىۋاتقان مىنۇتلاردا قانداق ئازابلارنى چەكمىدى؟! بىز بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپلا ئانىمىزنى بىر ئېغىر يۈكتىن خالاس قىلدۇقيۇ، ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر يۈكنى ئۇنىڭ زىممىسىگە تەبىئىي ھالدا يۈكلەپ قويدۇق. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، تۈن يېرىمىدا بىزنىڭ ئاشۇ قاتتىق يىغىمىزنى ئاڭلىغاندا ئانىمىزنىڭ شېرىن ئۇيقۇدىن دەرھال ئويغىنىپ بىزنى ئېمىتىپ، پەپەلەپ ئۇخلاتقان ھالىتىنى ئويلاپ يېتىدىغان بولساق، ئانىمىزغا بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلساقمۇ، ئۇنىڭ بىر كېچىلىك سۈت ھەققىنى قايتۇرۇپ بولالمايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز.

«قۇرئان كەرىم»دە بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ياشىنىپ قالغان چاغلاردا ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش ھەرقانداق كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى، ئاتا-ئانىلارنى خارلاش مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ گۇناھى، دەپ كۆرسىتىلگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئاساسىي قانۇنىدىمۇ ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلار ياشىنىپ كۈچىدىن قالغاندا، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پەرزەنتنىڭ مەجبۇرىيىتى، ئەگەر ئۇلار بېقىلماي تاشلىۋېتىلسە، خارلانسا پەرزەنتى قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. شۇنداق بولغانىكەن، بىز مۇسۇلمانلار ئاللاتائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئاتا-ئانىمىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشىمىز ھەمدە قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنىمۇ ھەرگىز سادىر قىلماسلىقىمىز كېرەك؛ شۇنىڭدەك شەرىئەت ۋە قانۇن ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمىزنى تولۇق تونۇپ، چىن ئېتىقاد ۋە ھېسسىياتىمىز بىلەن مۇداپىئە سېپىلى قۇرۇپ، لەنىتى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز كېرەك.

بىز ئاتا-ئانىمىزغا ھايات چاغلىرىدا ياخشىلىق قىلغىنىمىزدەك، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ياخشىلىق قىلىشىمىز زۆرۈر. مەسىلەن، ئۇلارغا ياخشى دۇئا قىلىش، ئۇلارنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش، ئۇلار يېتەلمەي قالغان ئارزۇ-ئىستەكلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش-ئىزلىرىنى ئۆزىمىزگە (ئاخىرى 28-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# پاكىزلىق ــــ ئىماننىڭ يېرىمى

يۈسۈپجان مۇھەممەد ھىلالى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ئىسلام دىنى 1400 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقىدەك 1 مىليارد 200 مىليون مۇسۇلمان بەندىنى ئۇلۇغ ۋە كەرەملىك ئاللاغىلا ئىبادەت قىلدۇرالىشىدا ئىسلام دىنىنىڭ دىني ئەقىدىلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىنىڭ ئىنتايىن توغرا، مۇكەممەل ھەم سىستېمىلىق بولغانلىقىدىن باشقا، پاكىزلىق ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمۇ بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب دېيىشكە بولىدۇ.

كەرەملىك ئاللا ئىنسانلارنى يارىتىپ بۈيۈك ئىسلام دىنىنى پەيدا قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىنسانلارنىڭ پاكىزلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ ھەر خىل بولغان. ئۇلار ئۆزى بىلگەنچە ئۆزى خالىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان، پاكىزلىق توغرىسىدىمۇ ئەقەللىي چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس بولۇپ، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە بەدەن تازىلىقىغا ئەسلا سەل قارىغان. پەقەت مىلادى 7-ئەسىردە «قۇرئان كەرىم» جىبرىئىل پەرىشتە ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ پاكىزلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ بارا-بارا مۇكەممەللىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەتلىك دەرىجىگە ئۆتۈش قەدىمى تېزلەشكەن.... " پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا (يەنى يالغۇز ئاللانىلا ئۇلۇغلا، ئىبادەتتە ئاللاغا باشقىلارنى شېرىك قىلما)، كىيىمىڭنى پاك تۇت (چۈنكى مۆمىن ئادەمنىڭ پاكىنا، ناپاك يۈرۈشى لايىق ئەمەس)" (47-سۈرە، 3—4-ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنىدىكى پاكىزلىق پەقەت بەدەن، كىيىم-كېچەك جەھەتتىكى پاكىزلىقىلا قارىتىلغان بولماستىن، مۇھىمى روھىي جەھەتتىكى پاكلىققا قارىتىلغان. چۈنكى روھىي پاكلىق ماددىي پاكىزلىقنىڭ ئۇلى.

## 1. ماددىي پاكىزلىق

مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭ بىرقەدەر كۆپ بولۇشىنى ئۇلارنىڭ پاكىزلىق ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىدا ھارام دەپ بەلگىلەنگەن بىر قىسىم جاندارلارنى يېمىگەندىن تاشقىرى، ھالال جانلىقلار ئىچىدىكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىرىنىمۇ قەتئىي يېمەيدۇ. بۇنىڭدىن ئۆزى ئۆلگەن جاندارلارنى ئىستېمال قىلغاندا، ئۇلاردىن تۈرلۈك كېسەللەرنىڭ يۇقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىيلىكنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئىسلام دىنىدا يەنە ناماز ئۆتەيدىغانلار كۈندە تاھارەت ئېلىپ تۇرغاندىن باشقا، تېگىشلىك ۋاقىتلاردا چوقۇم غۇسۇل قىلىشتىن سىرت، كۆپىنچىلىرى ھەر يەتتە

كۈندە بىر رەت بويىنى سۇغا سالىدۇ، بەدىنىنى پاكىز تۇتۇشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى قۇرلارنى نەقىل كەلتۈرۈش مۇمكىن. "ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: 'بالاغەتكە يەتكەن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ يەتتە كۈندە بىر قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرۇشى ئاللانىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىدۇر' " («قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانمىلار» 295-بەت).

مۇسۇلمانلار كىيىم-كېچەكنى پاكىز، رەتلىك كىيىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ، شۇ سەۋەبلىك كىيىمگە نىجاسەت چاچراپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەرلەرنىڭمۇ ئولتۇرۇپ كىچىك تاھارەت قىلىشى بىر ئاممىۋى ئادەتكە ئايلانغان. قىسقىسى، پاكىزلىق مۇسۇلمان بەندىلىرىنىڭ قەلبىگە ئىسلام دىنىنىڭ پاك نۇرى بولۇپ سىڭىپ كەتكەن. بۇ ھەقتە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش مۇمكىن. "ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: 'سىلەر سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسەلەرنى ئىچكەندە قاچىغا تىنىپ ئىچمەڭلار. ھاجەتخانىغا كىرگەندە ئەۋرەتلىرىڭلارنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن تۇتماڭلار ۋە ئوڭ قولۇڭلار بىلەن تازىلىماڭلار' " («قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانمىلار» 295-بەت).

## 2. روھىي پاكلىق

مەلۇمكى، ناماز ئۆتىگەندە پۈتۈن نىيەت ئىقبال بىلەن ئاللاغا سېغىنىش لازىم. ئەگەر پەۋقۇلئاددە بىرەر ۋەقە ياكى چوڭراق بىر ئىش تۈپەيلىدىن دىققەت جايىدا بولمىسا، ۋاقتىنچە ئۆتىمەي كېيىن تولۇقلاپ ئۆتەش زۆرۈر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىبادەتتە خىيالنى باشقا يەرگە چاچماسلىق، ناپاك ئويغا بېرىلمەسلىك، ئاللاغا زەررىچە شەك كەلتۈرمەسلىك لازىم. ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن نىيەت ئىقبالى بىلەن ئاللانى ياد ئېتىش، تىلى ۋە دىلى بىردەك بولۇش، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل سۈپەت يېتىلدۈرۈش تەشەببۇسلىرى ئىبادىتىمىزگە خۇددى تەسۋىگە ئۆتكۈزۈلگەن خورما ئۇرۇقلىرىدەك باشتىن ئاخىر زىچ بىرلەشكەن بولىدۇ. ئاتا-ئانىلارنى قەدىرلەش، خەير-ئېھسان بېرىش، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك، ساختىلىق قىلماسلىق، راستچىل بولۇش، ھاراق ئىچمەسلىك، قىمار ئوينىماسلىق، زىنا قىلماسلىق، غەيۋەت قىلماسلىق، ھەسەتخورلۇق ۋە گۇمانخورلۇقنى ئۆزىدىن يىراق قىلىش، مۇلايىم، كەڭ قورساق بولۇش، ئىناق ئۆتۈش، ئۆزئارا يار-يۆلەكتە بولۇش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ... قاتارلىق ئېسىل خۇلق، سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى روھىي پاكلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، بىر مۇسۇلمان بەدىنى ھەم كىيىم-كېچەكلىرى پاكىز بولمىغان ھالەتتە بەش ۋاق ناماز ئۆتىسە ياكى يۇيۇنۇپ-تارىنىپ ۋە پاكىز، ئېسىل كىيىنىپ قىلىسمۇ كۆڭلىدە باشقا شەك، ھارام نىيەت ئارىلاشقان ھالەتتە ناماز ئۆتىسە، ئۇنىڭ نامازى ئوخشاشلا قوبۇل بولمايدۇ، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر" دېگەنىدى. («قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانمىلار»، 294-بەت). بۇ يەردە ئېيتىلغان پاكىزلىق بەدەننىڭ ماددىيىتىدە ئەكس ئېتىپلا قالماي مۇھىمى ئۇنىڭ روھىيىتىدە كۆرۈلگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئىماندا شەك بولمىغان بولىدۇ.

(ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 1-مەيدان پارتكوم بىرلىك سەپ ئىشخانىسىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قۇرئاندىكى "سەبر" سۆزى توغرىسىدا

ئابدۇمىجىت مۇھەممەت

«قۇرئان كەرىم»دە "سەبر" (سەۋر-تاقەت) سۆزى 96 دىن كۆپرەك ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ سۆز ئەرەبچىدە مۇشەققەتكە باش ئەگمەسلىك، چىداملىق بولۇش، غەيرەتلىك بولۇش، ئۈمىدسىزلىككە يولۇققاندا بەل قويۇۋەتمەسلىك، جاپا-مۇشەققەتلەردىن قورقماي ئالغا ئىلگىرىلەش، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا بۇنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم ئاسانلىق، باياشادلىق ۋە غەلىبىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، غالىبىيەتكە ئىرادە باغلاش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئىسلام دىنى ماددىي دۇنيا بىلەن روھىي دۇنياغا ئوخشاشلا كۆڭۈل بۆلىدىغان دىن بولغاچقا، ئەپسانىيەتنىڭ چەكسىزلىكىگە قارشى ھالدىكى ماددىي قانائەت ۋە روھىي قانائەتمۇ ئىسلام دىنىدىكى سەۋر قىلىش جۈملىسىگە كىرىدىغان يۈكسەك پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە "ئاللا سەبر قىلغۇچىلار بىلەن بىرگە" دەپ ئۇلارنى (سەبر قىلغۇچىلارنى) ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىسى قاتارىدا تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنى سەۋر-تاقەتلىك بولۇشقا چاقىرغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ سەۋر-تاقەتلىك زات ئىدى، ئۇ ئاللانىڭ ئەمرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش جەريانىدا بۇتپەرەس مۇشرىكلارنىڭ نۇرغۇن قارشىلىقلىرىغا دۇچ كەلسىمۇ، غازات جەريانىدا پۇت-قوللىرىدىن قانلار ئېقىپ، چىشلىرى تۆكۈلسىمۇ ۋە باشقا تۈمەن تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى چەكسىمۇ ئۆز ئىرادىسىدىن زادىلا قايتمىغانىدى. مۇشرىكلار رەسۇلۇللانى پۇل-مال ۋە تاج، ئابروي بىلەن سېتىۋالماقچى بولغانىدىمۇ رەسۇلۇللا "بىر قولۇمغا ئاينى، يەنە بىر قولۇمغا قۇياشنى ئېلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ ئىرادەمدىن ھەرگىز قايتمايمەن" دېگەنىدى. مۇشرىكلار بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاغا ئىبلىس قولىنى سۇنماقچى بولغانىدا، رەسۇلۇللا ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆز يۇرتىدىن، ئائىلىسىدىن، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. رەسۇلۇللا ئەنە شۇنداق چىداملىق، سەۋر-تاقەتلىك زات بولغاچقا، ئىسلام نۇرىنى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن دۇنياغا تارقىتالىدى، شۇنداقلا ئاللانىڭ نەزىرىدىكى ۋە ئىنسانلارنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك زاتقا ئايلىنالىدى. ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى 1 مىليارد 200 مىليون مۇسۇلمان ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇماقتا ھەم ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن ئۆگەنمەكتە، ھەتتا بەزى غەيرىي مۇسۇلمان ئالىملارمۇ ئۇنى دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر شەخس دەپ تەرىپلىمەكتە. دېمەك، سەۋر-تاقەت ئەقىلنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى. ئەگەر ئەقىل ئۆزىنىڭ بۇ ياردەمچىسىدىن ئايرىلسا، ھەقىقىي مۇكەممەللىككە ۋە يۈكسەك مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان "سەبىر"نى مۇنداق بىرقانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

**بىرىنچى، ئاللاغا ئىبادەت قىلىشتىكى سەبىر.** بۇنىڭدا ئاللاغا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىبادەت قىلغۇچى ئىبادەت جەريانىدا ھەر تۈرلۈك جاپا- مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىدۇ، مۇشۇ يولدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە، باشقىلارنىڭ مالامەتلىرىگە ۋە باشقا قىيىن شارائىتلارغا چىدايدۇ. ئاللاغا ئىبادەت قىلىشنى ھەممىدىن ئەلا دەپ بىلىدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "سەن ئاللاغا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭ ئىبادىتىگە چىدامىلىق بولغىن" (19-سۈرە، 65-ئايەت). شۇڭا مۇسۇلمانلار قانداق ئورۇن، قانداق شارائىت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنىڭ ئاللانىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى، يەنى بىر مۆمىن مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ئاللا بۇيرۇغان ئىبادەتنى تولۇق ھەم ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك.

**ئىككىنچى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى سەبىر.** ئىنسان ئۈچۈن بۇ دۇنيا سىناق دۇنياسى، ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىشكە يول ھازىرلايدىغان، ئاللانىڭ بۇ دۇنيادا بەرگەن نېمەتلىرىگە تەشەككۇر ئېيتىدىغان ئورۇن. ئاللا مۇسۇلمانلارنى بۇ دۇنيادا خىلمۇخىل سىناقلار بىلەن سىنايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: "بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان-زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن" (2-سۈرە،155-ئايەت). دېمەك، جەننەت ئەنە شۇنداق سەۋرچان مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ، ئۇلار ئاللانىڭ ئەمرىنى، بەندىنىڭ ھەققىنى ۋە ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

**ئۈچىنچى، ھايالىق، ئىپپەتلىك بولۇشتىكى سەبىر.** ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ھايالىق، ئىپپەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستە بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن بايانلار بار. مۇسۇلمانلار جەزمەن ھايالىق، ئىپپەتلىك ياشىشى، تۈرلۈك مەرەز، ئىپلاسلىق ۋە باشقا دائىملىق ناچار ئىللەتلەرنى تىرىشىپ تۈگىتىشى، تەرەققىيات ئۇستىدىكى ماددىي ھەم مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ گۈزەل، ئىلغار تەرەپلىرىگە ماسلىشىشى، شۇنىڭدەك بەزى چىرىك، چۈشكۈن ياشاش ئادىتىگە، ھەددىدىن ئاشقان پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە ھەرگىز بېرىلمەسلىكى كېرەك. نەپسىنى تىزگىنلەشكە قادىر سەۋرچان مۇسۇلمانلار زىناخورلۇق، پارىخورلۇق، ھەشەمەتخورلۇق قىلمايدۇ، پايدىلىق ئىشلارنى تاشلاپ، مەنىسىز ئويۇن-تاماشىلارغا بېرىلمەيدۇ، ھاراق، نەشە، خىروئىن قاتارلىق ھارام نەرسىلەرگە يېقىن يولىمايدۇ ۋە ئۇنى ئېلىپ ساتمايدۇ. مۇسۇلمانلار چوقۇم ھەر ئىشتا ئاللانى ياد ئېتىپ ئاشۇنداق پاك، ھالال ياشىشى، بارلىقىنى پەقەت ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بېغىشلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ھەقىقىي سەۋرچانلاردىن، ئاللاغا يېقىن تۇرىدىغان تەقۋادارلاردىن بولالايدۇ.

**تۆتىنچى، ئەخلاق ھەم كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى سەبىر.** مۇسۇلمانلار چوقۇم ئۆز مىجەزىنى تەڭشىيەلەيدىغان، كەيپىياتىنى ئازادىلىككە، ئىزگۈلۈككە تۇرغۇنلاشتۇرالايدىغان، ئۆيپچۆرىسىدىكى مۇھىت ۋە خىلمۇخىل ئادەملەرگە لايىقىدا مۇئامىلە قىلالايدىغان، ھەر ئىشقا كەمتەرلىك، ئېھتىياتچانلىق، كەڭ قورساقلىق، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن قارىيالايدىغان بولۇشى لازىم. شۇ چاغدا "ئۇلارنىڭ سەۋر-تاقەتلىرى ئۈچۈن ئاللا ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك(لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ" (76-سۈرە، 12-ئايەت).

www.uyghurkitap.com

ئېيتىش كېرەككى، "سەبر" سۆزى بىزنىڭ تىلىمىزغىمۇ يۇقىرىقىدەك مەزمۇنلىرى بىلەن كىرگەن ۋە دەسلەپتە شۇنداق مەزمۇنلىرى بىلەن ئومۇملاشقانىدى. بىراق ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە بىرمۇنچە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قۇرئان بىلىملىرىدىن خەۋەرسىز قېلىشى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن بۇ مۇبارەك سۆز ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى ۋە ماھىيىتىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، بىر قىسىم مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ بولۇمسىزلىقى تۈپەيلىدىن نامراتلىشىشى، ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشى، قۇرئانغا ۋە مۇسۇلمان دېگەن نامغا مۇخالىپ ئىش قىلىشى غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ ئىسلام دىنىنى چالا ھەتتا ناتوغرا چۈشىنىپ قېلىشىنى ھەم ئىسلام دىنىدىن يىراقلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. مىسىرلىق بىر ئالىم مۇنداق دېگەن: "بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇرئانغا لايىق مۇسۇلمان ئەمەسلىكىمىزنى باشقىلارغا بىلدۈرگەندىلا، ئاندىن ئۇلار قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ئاللانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ".

شۇڭا، قۇرئاننىڭ مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا شۇ بويىچە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. ئەمما بۇ چۈشەنچە، ئىرادە ۋە غەيرەتلەر ھازىر بىرمۇنچە مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتماقتا، سەۋر قىلماق، تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنى تونۇماق، ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، مۇقەددەس ئېتىقاد ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ياشىماق دېگەنلىكتۇر. بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى قۇرئاننى ياخشى چۈشىنىپ، مەزمۇنىغا تولۇق ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئىلىم-مەرىپەت بىلەن گۈللىنىۋاتقان بۇ تەرەققىيات، ئۇچۇر ۋە رىقابەت دەۋرىگە مۇناسىپ ئىش قىلساق، ئاندىن ئىككىلا ئالەمدە ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيمىز.

## خەۋەر

△ قاراقاش ناھىيىسىدە ئۆتكەن يىل «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، قاراقاش ناھىيىسىدىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى بۇ ژۇرنالنى بەس-بەس بىلەن سېتىۋېلىپ، چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن ئوقۇدى، ژۇرنالنىڭ ھەربىر سانىنى كۆرگەن ئوقۇرمەنلەر كېيىنكى سانلىرىنى تېزرەك كۆرۈشكە تەقەززا بولدى.

ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەرىپەت سۆيگۈچىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاش ژۇرنالنى تارقىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى، ھەرقايسى يېزا (بازار)لاردىكى مەسچىت، خانىقالارنىڭ ئىمام، خاتىپلىرى ئارقىلىق ژۇرنالنى تەشۋىق قىلىش، سېتىۋېلىشنى پائال قانات يايدۇردى، ھەرقايسى خۇسۇسىي كىتابپۇرۇش دۇكانلىرىمۇ ژۇرنالنى سېتىشقا ياردەملەشتى، بۇنىڭ بىلەن بۇلتۇر ناھىيە بويىچە 4 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق ژۇرنال تارقىتىلدى.

بۇ ناھىيىدىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسى دەسلەپكى قەدەمدە ژۇرنالنىڭ بۇ يىلقى سانلىرى ئۈچۈن 2000 سانغا يېقىن مۇشتەرى بولدى.

(توختىمۇھەممەت نۇرمۇھەممەت)

بۇ ژۇرنالدىكى بىر قىسىم ماقالىلەرنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىكىنى شەمشىدىن ھاجى، رىشىت ھاجى ۋاھىدى، قەيسەر قۇربان ۋە ئەنۋەر مۇھەممەتلەر ئىشلىدى.

# شان-شەرەپ ئالدىدا تېڭىرقىماس ياش ئەزىمەت

— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياش پروفېسسورى **تاشپولات تېيىپ** ھەققىدە

ئابدۇكېرىم راخمان



34 يېشىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، 36 يېشىدا پروفېسسور بولغان تاشپولات تېيىپ، ئەنە شۇ پۇرسەتلەردە يالغۇز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كەڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە قىزىق مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالغانىدى. بەزىلەر:

—30 نەچچە ياشلىق بالىمۇ پروفېسسور بولامدۇ؟ — دەپ غۇلغۇلا قىلىشسا، يەنە بەزىلەر:

— چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلدى-دە، — دەپ تەنە قىلىشاتتى.

دەرۋەقە، ئېلىمىزدە ئۇنۋان ئىسلاھاتى تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۇ پەيتتە، پروفېسسور دېسە، چاچ-ساقاللىرى ئاقارغان، نەچچە ئون يىللىق بور توزانلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن، ياش-قۇرامىمۇ 50 لەردىن ھالقىغان سالاپەتلىك پېشقەدەملەرنىلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن تېخى خالىي بولالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەمدىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسمىنىدا پەيدا بولغان بۇ 30 نەچچە ياشلىق تاشپولاتنىڭ پروفېسسور بولۇپ باھالىنىشى "تاسادىپىيلىق" ھېس قىلىنىپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تاشپولاتنىڭ پروفېسسور بولۇپ باھالىنىشى قانداقتۇر ئۇنىڭغا كەلگەن تاسادىپىي ئامەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئاقتۇرغان ھالال تەرىنىڭ دەسلەپكى مېۋىسى بولۇپ، پروفېسسورلۇق ئۇنىڭغا تامامەن مۇناسىپ ئىدى. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇنۋان ئىسلاھاتىدىكى بۇ بۆسۈش كېلەچەكنىڭ ئۈمىدى ھېسابلانغان ياش تالانت ئىگىلىرىگە ئىلھام ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلىدى، ئۇنۋان باھالاشتا ئۇزاق يىللاردىن بېرى قېلىپلىشىپ قالغان ياش ۋە ستاژ جەھەتتىكى رەت تەرتىپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پېشقەدەملەرنىڭ روھىنىمۇ ئۇرغۇتتى، ئىقتىدارلىقلارنى قەدىرلەش، تالانتلىقلارنى بايقاش ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىشتەك يېڭىچە كەيپىيات جانلاندى. بۇنداق قىلىش ماتارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىنى، دەۋرنىڭ ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈردى.

تاشپولات تېيىپ 1958-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى غۇلجا شەھىرىدە مەرىپەتلىك ئائىلىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇغۇلغان. ئۇ 1976-يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۆكتەبىر گۇڭشېسىدا ئىككى يىل قايتا تەربىيە ئالغان. بۇ ئىككى يىل جەريانىدا ئۇ بىر تەرەپتىن دېھقان-چارۋىچىلار بىلەن بىللە ئەمگەككە قاتناشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلىم-پەنگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى قىلچە بوشاشتۇرماي، ئۆزلۈكىدىن خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگەندى. ئۆگەنگەنسېرى ئۇنىڭ سەبى قەلبىدە ئىلىمگە بولغان تەلپۈنۈش شۇنچە كۈچەيدى. ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان ئارقىلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلگەن 1978-يىلى ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ، يۇقىرى نومۇر بىلەن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتى تەبىئىي جۇغراپىيە كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىش مەزگىلىدە خەنزۇ تىلىنى خېلى پۇختا ئۆگىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى تەييارلىق باسقۇچىدا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپىغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىنگلىز تىلىنى قوشۇمچە ئۆگەندى. بەش يىل كەسىپ ئۆگىنىش جەريانىدا ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىزچىل ھالدا ھەر يىلى "ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى" بولۇپ باھالاندى. ئوقۇش جەريانىدا سىنىپ باشلىقى، فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى بەجانىدىل ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولدى. ئۇ 1983-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تاللاندى. ئۇ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ چەت تىل ئۆگىنىشنى قىلچە بوشاشتۇرماي، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىغا كىرىپ، ئىككى يىل ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىپ پۇختا ئاساس ياراتتى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۆزىنىڭ ئىستىقباللىق ياش كۈچلەرنى نۇقتىلىق تەربىيىلەش پىلانىغا ئاساسەن تاشپولاتنى تاللاپ، شەرقىي شىمال پېداگوكىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياپون تىلى ئۆگىنىش تەييارلىق سىنىپىغا بىر يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ بىر يىل ئىچىدىلا ياپون تىلىنى خېلى پۇختا ئۆگىنىپ، ئانا مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1988-يىلى دۆلەت پىلانى بويىچە ياپونىيىنىڭ توكيو تەبىئىي پەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. ئادەتتە چەت ئەللەردە ماگىستىر ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن كەم بولغاندا ئالتە-يەتتە يىل ۋاقىت كېتەتتى. لېكىن تاشپولات جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جاپالىق ئۆگىنىپ تۆت يىل ۋاقىت ئىچىدىلا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات پىلانىنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئورۇنلاپ، سانائەت پەنلىرى دوكتورى ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، شەرەپ بىلەن 1992-يىلى 6-ئايدا ئانا مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. ياپونىيىدە ئوقۇش جەريانىدا 13 پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، خەلقئارادىكى نوپۇسلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. ئۇ مەكتەپكە قايتىپ كېلىپلا بىر ئايدىن كېيىن "ھاردىم-تالدىم" دېمەستىن، كانادالىق جۇغراپىيە ئالىملىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تارىم ئويمانلىقىدا كەسپىي ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ باردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ ياش دوكتور يۈكسەك ئىشەنچ ۋە شىجائەت بىلەن شىنجاڭ تەبىئىي جۇغراپىيە ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئىرادە باغلاپ، بۇ ساھەدىكى ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشىنى باشلىۋەتتى.

ياشلارغا نىسبەتەن خىزمەت قانچە ئېغىر بولسا، ئۇلار شۇنچە تاۋلىنىدۇ ۋە تاللىنىدۇ. خۇددى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: "كىمكى ئىلىم ئىزدەش يولىغا كىرسە، ئاللا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ"، "بۇ دۇنيادى-

كى بەخت-سائادەت بىلىمدىن كېلىدۇ، ئاخىرەت-
لىك ھالاۋەتمۇ بىلىمدىن بولىدۇ". دەرۋەقە، ئەھلى
مۇسۇلمان ئۇيغۇر يىگىتى تاشپولاتنىڭ قەلبىدە
بىلىمگە بولغان ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئەقىدە ۋە
روھ چاقناپ تۇرغاچقا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن
يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشنى خۇشاللىق ھېس
قىلدى. 1993-يىلى ئۇ تەبىئىي جۇغراپىيە كەسپى
بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۇچۇن ئوقۇۋاتقان
ئاسپىرانتلارنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى سالاھىيە-
تىگە ئىگە بولۇپ، ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ ئاسپىرانت
قوبۇل قىلدى. ئارقىدىنلا ئۇ 1993-يىلى 1-ئايدا
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ
باش مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. شۇ يىلى
12-ئايدا شىنجاڭ بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاش
ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك
تۆھپىكار ئون ياشنىڭ بىرى بولۇپ تاللاندى.
1994 -يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى،
1995 -يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر
مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالاندى. 1996-يىلى
جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيـ-
ئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى ھەمدە شۇ
يىلى يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي تەت-
قىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا
ئۆستۈرۈلدى. ئۆتكەن يىلى ئۇ يەنە جۇڭگو پەنلەر
ئاكادېمىيىسى جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن
ھەمكارلىشىپ، تەبىئىي جۇغراپىيە كەسپى بويىچە
دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۇچۇن ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانت-
لارنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى (دوكتور يېتەك-
چىسى) سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، تۇنجى قېتىم ئۇيـ-
غۇرلار ئىچىدىن چىققان دوكتور يېتەكچىسى بو-
لۇپ قالدى. ئۇ ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن بۇنداق
چوڭ شەرەپ-مۇكاپاتلار ئالدىدا قانائەتلىنىپ ئۆزد-
ىنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويماي، ئۆزىگە تېخىمۇ
يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقى-
قاتنىڭ بىرىنچى سەپىدە جاپالىق ئىشلەپ كەلمەك-
تە. دۆلەتنىڭ "211 قۇرۇلۇش پىلانى" ئىچىگە
كىرگەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدەك ئون نەچچە
مىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىسى بار نۇقتىلىق ئالىي
مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەش ئانچە
ئاسان ئىش ئەمەس. لېكىن تاشپولات مەمۇرىيەت
بىلەن ئىلمىي خىزمەتنى بىر-بىرىگە توقۇنۇشتۇر-
ماي، كۈندۈزلىرى مەمۇرىي خىزمەت بىلەن بەنت
بولسا، ئاخشاملىرى ئۆزى يېتەكلەۋاتقان ئاسپىرانت-
لارنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ ئەت-
راپلىق ئىزدىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەق-
قىياتى ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان «يىراقتىن سېزىش
تېخنىكىسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» ، «ئايرو-
فوتو سۈرەتلەرنى، سۈنئىي ھەمراھدا تارتىلغان
سۈرەتلەرنى ئوقۇش» ، «يىراقتىن سېزىش تېخنى-
كىسى ئارقىلىق تەبىئىي بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ۋە
ئۇنىڭغا باھا بېرىش» ، «يىراقتىن سېزىلگەن سۈ-
رەتلەرنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئانالىز
قىلىش» ، «جۇغراپىيە ئىنفورماتسىيە سىستېمىسى»
، «يەر ئىنفورماتسىيە سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە
باشقۇرۇش» قاتارلىق ئالتە خىل يېڭى دەرس تە-
سىس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ گېئودېزىيە ۋە گېئوگرا-
فىيە ساھەسى ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملارنى
تەربىيىلەش يولىدا ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇ ۋەتەنگە
قايتىپ كېلىپ قىسقىغىنا تۆت يىل ئىچىدە، ياپونى-
يىنىڭ جۇغراپىيە ئالىملىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ،
«يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچى
رايونىنىڭ نەچچە يىل جەريانىدىكى يەردىن پايدى-
لىنىش ئۆزگىرىشىگە باھا بېرىش» ، «يېڭى تېخنى-
كا ئارقىلىق چىرا ناھىيىسى ئەتراپىدىكى قۇملۇق-
لارنىڭ كېڭىيىشىگە مىقدار جەھەتتىن باھا بېرىش
ۋە ئۇنى كونترول قىلىش تەتقىقاتى» ، «يىراقتىن
سېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق خوتەن رايونىدىكى


قۇملۇق-بوستانلىقلار ئارىسىدىكى ئۆتكۈنچى بەل-
باغلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئۆزگىرىشىگە باھا بې-
رىش» قاتارلىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجە-
لىك نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىشلەپ، تەك-
لىماكان قۇملۇقىنى تىزگىنلەشنىڭ كونكرېت تەد-
بىرلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا دەلىللەش جەھەتتە كۆ-
رۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. تەتىل مەزگىللىرىدىن پايدى-
لىنىپ كۆپ قېتىم تارىم بوستانلىقى ۋە تەكلىماكان
قۇملۇقىغا بېرىپ، بىۋاسىتە ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە
ئېلىپ باردى. ئەمەلىي تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش
ئاساسىدا مۇئەييەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدى-
غان 40 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە يېزىپ ئېلان
قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە «فراكتال ئالاھىدىلىكىدىن
پايدىلىنىپ سۇنئىي ھەمراھدا تارتىلغان سۈرەتلەر
ئارقىلىق يەردىن پايدىلىنىش خەرىتىسىنى تۈزۈش-
نىڭ ئېنىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇسۇلى»،
«يىراقتىن سېزىلگەن سۈرەتلەرنى كۈچەيتىپ بىر
تەرەپ قىلىشنىڭ يېڭى بىر خىل ئۇسۇلى»، «سۇن-
ئىي ھەمراھدا تارتىلغان سۈرەتلەر ئارقىلىق يەردىن
ايدىلىنىش خەرىتىسىنى تۈزۈشتە مەشق مەيدانىنى
اللاش توغرىسىدا» قاتارلىق بىر قىسىم ئىلمىي
ماقالىلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە 1-
ۋە 2-دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر تەتقىقات نەتىجىسى مۇ-
كاپاتىغا ئېرىشتى. ۋەتەن ۋە خەلق ئالدىدىكى مۇ-
قەددەس بۇرچىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بۇ ئىجتى-
ھادلىق ياش ئالىمنىڭ سەمەرىلىك ھايات سەھىپىسى
كەڭ جامائەتچىلىكنى قايىل قىلىپ، مائارىپ ۋە
پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى ھۆرمە-
تىگە سازاۋەر بولدى. ئۇ شان-شەرەپ ئالدىدا
قىلچە تېڭىرقىماي، بەلكى تېخىمۇ كەمتەر ۋە ئېھتى-
ياتچانلىق بىلەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى جۇلا-
لاندۇرۇپ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى كۆڭلى-
گە پۈككەن ئارزۇ-غايىلىرىنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ
بىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى نىشانى ئۈستىدە
توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: "ئۆز كەسپىمگە نىسبە-
تەن ئېيتقاندا، مەن تېخى ئانا سۈتىدىن ئايرىلغان
بوۋاققا ئوخشايمەن. ئىلىم- پەننىڭ ئاخىرقى چېكى
بولمايدۇ. پەقەت ئىلىم- پەن كەمىرىدە بەلنى مەھ-
كەم باغلاپ، شىجائەت ۋە جاسارەت بىلەن ئۈزلۈك-
سىز ئىزدىنىش ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بولغان-
دىلا، ئىلىم-پەننىڭ مەلۇم پەللىسىگە چىقىش مۇم-
كىن. مەن مۇشۇ يولنى تاللىدىم. ناۋادا، تارىم
بوستانلىقىغا خىرىس قىلىپ، كۈنسېرى كېڭىيىۋات-
قان تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تىز-
گىنلەش يولىدا تېگىشلىك ئەجىر سىڭدۈرەلىسەم،
ئۆزەمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن." مەن ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىدا پارلىغان بۇ خىل ئىشەنچ ۋە ئىرادىدىن
تەكلىمكان قۇملۇقىنى قاماپ تۇرغان قىزىل يول-
غۇننىڭ ئوبرازىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئاتاقلىق
تەپسىرشۇناس، مۇسۇلمان ئالىمى تەبەرى "ئىلىم
ئىزدەش بىر خىل كۆرەشتۇر"، "ئىلىم ئازاپ-
ئوقۇبەتلىك ۋە جاپالىق منۇتلاردا كىشىلەرگە
چىدام-سەۋرچانلىق ئاتا قىلىدۇ، دوستلار ئارا
ئىشەنچنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، شۇنداقلا ناتونۇش
كىشىلەر ئارىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ. ئۇ
جەننەت يولىنىڭ ماياكىدۇر" دەيدۇ. دەرۋەقە، بۇ
ياش ئالىمنىڭ ئىلىم-مەرىپەت يولىدىكى ئىزدىنىشى
دوستلىرىنى قايىل قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە
سىرتىدىكى كەسىپداشلىرىنى جەلپ قىلماقتا. بۇن-
داق ئىلمىي دوستلۇق تاشپولاتنىڭ ئىلمىي ئەمە-
گەكلىرىنى خەلقئارالاشتۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ
نام-شەرىپىنى دۇنياغا تونۇتماقتا. يول ئېچىلغان
ئىكەن، ئۇ بارغانسېرى كېڭىيىدۇ ۋە مۇستەھكەملى-
نىدۇ. ئىشىنىمىزكى، تاشپولات ئاللاتائالا ئاتا قىل-
غان ئاڭ ۋە ئەقىل-ئىدراكىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ
تىرىشىش نىشانىدا تېخىمۇ زەپەر قۇچقۇسى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى)

# ھەرىكەتتىن بەرىكەت

## —— گۇچۇڭ ناھىيە بازىرىدىكى دۇڭمېن مەسچىتىنىڭ بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ بەرىكەت تېپىۋاتقانلىقى توغرىسىدا

ئابلىمىت قۇربان



گۇچۇڭ ناھىيە بازىرىدىكى دۇڭمېن مەسچىتى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىپ، ھەر خىل مۇلازىمەت تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، بۇرۇنقىدەك ھەربىر ئىشتا سەپ ئارىلاپ، ئېتەك تۇتۇپ پۇل يىغىدىغان كونا ئەنئەنىۋى ھالەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئامىنىڭ ئىقتىسادىي يۆكىنى يەڭگىللىتىپلا قالماي، بەلكى ئىگەلىك تىكلەپ، روناق تېپىپ، قېرى، ئاجىز، مېيىپ ۋە نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇپ، ئىلغار ئورۇنغا ئايلاندى.

80-يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، بۇ مەسچىتنىڭ ھېچبىر ئىقتىسادىي ئاساسى يوق بولۇپ، ھەرقانداق ئىشتا ئاممىدىن ئىئانە توپلاشقا تايىنىپ، مەسچىتنىڭ ئوتۇن-كۆمۈر، توك، سۇ خىراجەتلىرىنى ھەل قىلىپ كەلگەنىدى. قۇرۇلغىنىغا 300 يىل بولغان، ناھىيە بويىچە نۇقتىلىق مەسچىتلەرنىڭ بىرى بولغان بۇ مەسچىتنىڭ ھويلا تاملىرى، كونا ئۆيلىرى ئۆرۈلگەن، مۇقىم مۇلۇكلىرى كونىرىغان، بۇزۇلغانىدى. شۇڭا بۇ مەسچىتتە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا تەسىر يەتكەنىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەسچىتنى بىر پۈتۈن يېڭىلاش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بۇزۇلغان، ئۆرۈلگەن يەرلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە ياساش ئۈچۈن يەنىلا ئاممىغا تايىنىش ۋە ئۇلاردىن ئىئانە توپلاشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن بۇ مەسچىت تەۋەلىكىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نامرات بولغاچقا، يەنە ئۇلارغا داۋاملىق قول سۇنۇش قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. 1992-يىلنىڭ ئاخىرىدا، يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەسچىت ئۆيلىرى ۋە ھويلا تاملىرىنى رېمونت قىلىش، ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاشتا يۇقىرىغىمۇ قول سۇنماسلىق، ئاممىغىمۇ سېلىق سالماسلىق ئۈچۈن بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش يولىغا قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ماڭدى. بۇ جەرياندا شارائىت ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆردى. مەسچىت ئورنى قاتناش بېكىتىگە يېقىن ۋە بازارنىڭ ئاۋات يېرىدە بولغاچقا، مۇلازىمەت خاراكتېرلىك تىجارەت تۈرلىرىنى يولغا قويۇشقا باب ئىدى. شۇڭلاشقا مەسچىت ھەيئەتلىرى مەسچىتنىڭ كونا خىش ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ كونا ئۆيلىرىنى يېڭىلىدى. ئالدى بىلەن مېھمان كۈتۈش ئۆيلىرى بىلەن دۇكانلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئەسلىھەلەرنى رېمونت قىلىپ ياساپ كەمكۈسلىرىنى تولۇقلىدى. نەتىجىدە 1994-يىلدىكى ئومۇمىي كىرىم 13 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. بۇنىڭ بىلەن مەسچىتنىڭ بارلىق تام ۋە كونا ئۆيلىرى رېمونتلاندى. ئىككى ئېغىز ئۆي سەرراپ قىلىندى. توققۇز ئېغىز ئۆي يېڭىلىنىپ مەسچىت ئۈچۈن ئىش باشقۇرۇش ئۆيى، مەدەنىيەت پائالىيەت ئۆيى، روزا-رامىزانلاردا ئېغىز ئېچىش ئۆيى، ئىسكىلات قىلىندى. 1996-يىل 8-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مېھمان كۈتۈشكە ئاجرىتىلغان ئومۇمىي ياتاق ئورنى، كارىۋاتلار 50 كە يېتىپ، بۇلاردىن ۋە باشقا جەھەتلەردىن كىرگەن ئومۇمىي كىرىم 14 مىڭ 738 يۈەنگە يەتتى. بۇ نەتىجىلەر بارلىق كىشلەرنى تەسىرلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ناھىيە رەھبەرلىكىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۆتكەن يىل 7-ئايدا پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئېچىلغان دىنىي خىزمەت يىغىنىدا بۇ مەسچىتنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، 150 نەچچە ۋەكىل بۇ مەسچىتنى مەخسۇس ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى.

**بۇ مەسچىت قانداق قىلىپ قىسقىغىنا ئۈچ يىل ئىچىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش قىلالىدى؟**

1. مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان يەتتە كىشىلىك رەھبەرلىك ھەيئىتى دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىغا پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ پارتىيىنى، ۋەتەننى ۋە سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان، قانۇن-تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىپ، ئۇنى قوغدايدىغان ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى.

2. يېڭى رەھبەرلىك ھەيئەتلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، مەسچىت باشقۇرۇشتا بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان تەرتىپ-تۈزۈملەرنى ئورناتتى. ماتېرىيال ۋە ئۆگىنىش خاتىرىلىرىدىن ئارخىپ قالدۇردى. ئىگىلىك باشقۇرۇشتىن مەخسۇس ھېسابات تىكلەپ، بۇغالتىر، كاسسىرلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يېرىم يىلدا بىر قېتىمدىن كىرىم- چىقىملارنىڭ ئەھۋالىنى باك ئارقىلىق ئېلان قىلىپ تۇردى.

3. مەسچىتتە مەخسۇس بىر ئۆينى مەدەنىيەت پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن قىلىپ، تۈرلۈك گېزىت- ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇپ، ناماز ئۆتەشكە كەلگەن كىشىلەرنىڭ پارتىيىنىڭ سىياسەت-فاڭجېنلىرىنى، ھەر خىل مۇھىم خەۋەرلەرنى، پەننىي ۋە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىپ خەۋەردار بولۇشىغا ئاساس يارىتىپ بەردى.

4. مەسچىتتىن ئىبارەت بۇ دىنىي پائالىيەت سورۇنىنى قانۇنىي ئۆلچەمگە لايىق ئورۇن قىلىپ، گوۋۇيۈەننىڭ قانۇنىي ئۆلچەملىك گۇۋاھنامىسىغا، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلىنى قانۇنىي ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئېرىشتۈردى. بۇ قانۇنىي ۋەكىل پائالىيەت سورۇنلىرىدا قانۇن-تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىش، بولۇپمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ بالا-چاقىلىرىغا قانۇنغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشىنى تەرغىپ قىلىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزمەسلىكىگە، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداشقا كۈچ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ

ئەتراپتا ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ جاڭجال چىقىرىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشى زور دەرىجىدە ئازىيىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۈچۈن ياخشى ئاساس ياراتتى.

5. بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن مۇلازىمەت خىزمىتىدە ئىناۋەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاپ، تازىلىق ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، قورۇ، ياتاق، كارىۋات تازىلىقىنى ياخشىلاپ، يوتقان- كۆرپىلەرنى ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇپ، تازىلاپ تۇردى. سەرراپنى ياخشى باشقۇرۇپ، مېھمانخانىدا ياتقۇچى ۋە نامازغا كەلگۈچىلەر ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئىسسىق سۇ تەييارلاپ بەردى. ھويلا-ئارام ئىچىگە ھەر خىل گۈل- گىياھلارنى ئۆستۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغاپ، كۆڭلىنى ئۆستۈرىدىغان گۈزەل مۇھىت ياراتتى.

6. مۇلازىمەت تىجارەتلىرىدىن باشقا، ئاھالىلەرنىڭ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردىكى مۇھىم ئېھتىياجلىرىنى قاندۇردى. مەسىلەن، ئىككى چوڭ قازان، ئىككى تۆمۈر ئوچاق، بىر چوڭ ساماۋار، 100 تاۋاق، 65 ئورۇندۇق، 14 جوزا ياسىتىپ، ئىجارىگە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تىجارەت يولىنى كېڭەيتتى. لېكىن باھادا ئېتىبار بېرىش، بولۇپمۇ نامرات، ئاجىز كىشىلەردىن ھەق ئالماسلىقنى يولغا قويۇپ، ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

7. بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ روناق تېپىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئاجىز، مېيىپ، نامرات كىشىلەرنى ئۇنتۇپ قالمىدى. 1995-يىلى مەھەللىدىكى 12 نامرات ئائىلە ھېيت-ئايەم كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغان كۈنلەردە، ساڭزا سالىدىغان ماي، ئۇن قاتارلىقلاردىن قىسىلىپ قالغاندا، ئۇلارغا 3050 يۈەن نەق پۇل ياردەم بېرىپ، ھېيت-ئايەمنى ياخشى ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا ئاساس يارىتىپ بەردى؛ يەنە 12 ئائىلىنىڭ قىشلىق كۆمۈرى ئۈكسۈپ قالغاندا، جەمئىي 1700 يۈەن ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە 500 كىلوگرامدىن كۆمۈر ھەل قىلىپ بەردى. قاتناش بېكىتى ئەتراپىدا سىرتتىن كەلگەن يېتىم-يېسىر، ئاجىز، مۇساپىر كىشىلەر داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى كۆرگەندە ئۇلارغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارنى مېھمانخانىدا ھەقسىز ياتقۇزۇپ، ئاشخانىدا بېقىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇلارنىڭ كەلگەن يېرىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنى مۇمكىنقەدەر ئۆز يۇرت-ماكانلىرىغا قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى. قولىدا راسخوتى بولمىغانلارغا ئاپتوبۇس بېلىتى ئېلىپ بېرىپ، ھەتتا يولغا كېتىدىغان خىراجەتلىرىنىمۇ قولىغا تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپ قويدى.

يېزىلاردىن كېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان نامراتلارغىمۇ داۋالىنىش جەھەتتىن ياردەم بەردى. ئۆتكەن يىلى بىر نامرات دېھقان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا يېتىپ داۋالىنىش جەريانىدا خىراجىتى تۈگەپ، كېسىلى ساقايمايلا بالنىستىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەسچىت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، 160 يۈەن پۇلنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كېسەلدىن ھال سوراپ، زور قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغانلىقتىن، كېسەل ساقىيىپ چىقىدۇ. يەنە بىر كىشىمۇ بالنىستا يېتىپ داۋالىنىش جەريانىدا ئىقتىساد جەھەتتىن قىيىنالغانىنىڭ سىرتىدا، كېسىلى ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ، ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. ئۇ نامرات ۋە ئۆيىدىكىلەر ئاجىز بولغاچقا، ئۇنىڭغىمۇ قاراپ تۇرماي، 200 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى. لېكىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تاپقان-تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى داۋالاش ئىشلىرىغا ئىشلىتىپ بولۇپ، ئەمدى ئۇنى يەرلىككە قويۇش ۋاقتىدا، بۇ مەسچىت يەنە 100 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ئۆيىدىكىلەردىن ھال سوراپ، يەرلىككە قويدى.

8. مائارىپ ئىشلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، مەلۇم سەۋەبلەردىن ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنىڭ

مەكتەپكە كىرىشى ئۈچۈن، ئاممىنى ياردەم بېرىشكە ئۈچ قېتىم سەپەرۋەرلىككە كەلتۈردى. ئۆتكەن يىلى باجاخۇ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ شاھىدىن ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىسى بەدىنىگە قايناقسۇ تۆكۈلۈپ كېتىپ، ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئەتراپتىكى دېھقانلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، بالىنى داۋالىتىپ خەۋپتىن قۇتقۇزۇشقا ياردەملەشكەنىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھەيئەتلەر ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، 700 يۈەن ئىئانە توپلاپ بەردى. بۇ يىل ئەتىيازدا بىر نامرات ئائىلىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزى كۆز ئاغرىقى بىلەن، كۆزى چىقىپ كېتىش گىرداۋىغا كېلىپ قالغاندا، بۇ مەسچىتتىكى ئاما ئۆزئارا پۇل يىغىش قىلىپ، 500 يۈەن ياردەم بەردى.

يۇقىرىدىكى تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى بىلەن، بۇلار ئېلىپ بارغان بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرىكىتىدىن بەرىكەت يېغىپ، ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكى يەڭگىللىنىپلا قالماي، ئاما بۇ بەرىكەتتىن بەھرىمەن بولۇش شارائىتىغا ئېرىشتى. دۆڭمېن مەسچىتى ئۆزىنىڭ بۇ نەتىجىلىرى ئارقىلىق 1994-يىلى ناھىيە بويىچە ”بەشتە ياخشى مەسچىت“ بولغان شەرىپىنى ساقلاپ ۋە نەتىجىلىرىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆتكەن يىل سانجى ئوبلاستى بويىچە ”بەشتە ياخشى مەسچىت“ بولۇش ئۆلچىمىگە ۋە پۈتۈن ناھىيە بويىچە 54 مەسچىتنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىسىگە ئايلاندى.

(ئاپتور: مورى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى.)

*****************************************************************************

بىلىم گۈلزارى

## ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ

1. ئەڭ ئاۋۋالقى پەيغەمبەر: ئادەم ئەلەيھىسسالام.
2. ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.
3. ئەڭ دەسلەپتە ئەزان ئېيتقان كىشى: بىلال.
4. مەككىدىن مەدىنىگە ئەڭ دەسلەپ سەپەر قىلغان كىشى: ئابدۇل ئازاد.
5. گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى: ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش.
6. مەدىنە كىشىلىرى ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئەڭ ئاۋۋال كىرگەن كىشى: ئەسئات بىننى زەئت.
7. مەككىدە ئىسلام دىنىغا ئەڭ ئاۋۋال كىرگەن كىشى: خەدىچە بولۇپ، بۇ ئايال پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇنجى ئايالى.
8. يات دىندىكىلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ دەسلەپكى ئۇرۇش: بەدىر ئۇرۇشى.
9. ھەدىسنى ئەڭ كۆپ توپلىغان كىشى: ئەبۇ ھۇرەيرە.
10. ئەڭ باشتا نازىل بولغان سۈرە: ئىقرا(ئوقۇ) سۈرىسى.
11. ئەڭ ئاخىردا نازىل بولغان سۈرە: ئەنناس (كىشىلەر) سۈرىسى.
12. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ يېقىن ساھابىسى: ئەبۇ بەكرى سىددىق.
13. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوقۇغۇچىسى: زەيىۋد بىننى فارس.
14. قۇرئاننى ئەڭ دەسلەپتە قۇرەيش قەبىلىسى ئالدىدا ئۈچۈق-ئاشكارا ئوقۇغان كىشى: ئابدۇللا بىننى مەسئۇد.
15. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە قۇرئاننى ئەڭ بۇرۇن تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن كىشى: سەلمان ئىبنى فارس.

(توپلىغۇچى: ياقۇپ ھاجى)

# سۇلتان ئۆۋەيسخان مازىرى

ئابدۇرىشىت ئالىم

سۇلتان ئۆۋەيسخان مازىرى ئىلى ۋىلايىتى غۇلجا ناھىيە مازار يېزىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىلىدىكى تۆت چوڭ مازارنىڭ بىرى.

سۇلتان ئۆۋەيسخان چىڭگىزخاننىڭ 11-ئەۋلادى بولۇپ، چاغاتاي نەسەبىگە مەنسۇپ تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ كەنجى ئوغلى قىدىر خوجىنىڭ نەۋرىسى. ئۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ موغۇلىستان خاقانى بولغان. مىڭ سۇلالىسى تارىخىدا خاتىرىلىنىشىچە ”ئۆۋەيسخان 1418-يىلى بەشبالىقتىن قوشۇن تارتىپ ئىلى ۋادىسىغا كەلگەن ھەم خانلىق نامىنى ‚ئىلىبالىق‘ قا ئۆزگەرتكەن“. ئۇ مىڭ سۇلالىسى بىلەن زىچ ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەن.

ئۆۋەيسخان سادىق مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامىيەت تارىخىدا ئۇ ”دىنغا ئىنتايىن سادىق، قەيسەر ھەم يېڭىلمەس“ دەپ قەيت قىلىنىدۇ.

1428-يىلى ئۆۋەيسخان ئىسسىق كۆل بويى باقىبولەندىكى ئۇرۇشتا قازا تېپىپ، ئىلىغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ دەپنە قىلىنغان.

سۇلتان ئۆۋەيسخان مازىرىنىڭ يەر كۆلىمى يۈز مو ئەتراپىدا بولۇپ، ئۆۋەيسخاننىڭ قەبرىسى خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئېگىز قۇرۇلۇش؛ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەۋىتى تۆت چاسا شەكىللىك، تۆتىنچى قەۋىتى سەككىز بۇرجەكلىك، ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ ئىككى دېرىزىسى دۈگىلەك شەكىلدە ئويۇلغان. دېرىزە پەشتىقىغا ئەرەب يېزىقىدا ئىسلام مەدھىيىسى يېزىلغان، ئاستىنقى قەۋەت پىشايۋاننى يىگىرمە تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

بۇ مازار 1876-يىلى قايتا رېمونت قىلىنغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاققىچە رېمونت قىلىنمىغاچقا، 1985-يىلى ئىككىنچى قەۋەتتىن تۆتىنچى قەۋەتكىچە بولغان ياغاچ قۇرۇلمىلار ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش-باشقۇرۇش ئورنى 1989-يىلى بۇ مازارغا ئالدى بىلەن ”تۆت بولۇش“ قوغداش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

1990-يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈنى سۇلتان ئۆۋەيسخان مازىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى بولۇپ تەستىقلاندى، ئاندىن خېبېي، شەنشىلەردىن قەدىمىي قۇرۇلۇش ھۈنەر-سەنئەتتى تېخنىكلىرى تەكلىپ قىلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىندى.

1989-يىلدىن 1993-يىلغىچە جەمئىي 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بۇ مازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئاخىر تاماملىنىپ، قەدىمىي قۇرۇلۇش يەنە يېڭى قىياپەت بىلەن قەد كۆتۈردى.

سۇلتان ئۆۋەيسخان مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، قۇرۇلۇش ئىچىدە تىك تۈۋرۈكنىڭ گۈللۈك نەقىشلىرى كىشىنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدۇ. بۇ قەدىمىي قۇرۇلۇش دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى زاتلارنىڭ سەيلە قىلىش ئورنى بولۇپلا قالماي، سادىق مۇسۇلمانلارنىڭمۇ زىيارەت قىلىدىغان ئۇلۇغ جايى بولۇپ قالدى.

(ئاپتور: غۇلجا ناھىيە مازار يېزىسىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئىمامى ئەپتەھ مازىرى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسىدا ”ئىمامى ئەپتەھ“ دەپ ئاتالغان چوڭ مازارلىق بار. بۇ مازارنىڭ تەزكىرىسىگە ئاساسلانغاندا❶ ئىلمى ئىماننىڭ مېھرىبانلىرى، قىرائەت گۈلىستانىنىڭ خۇشئاۋاز ئۆلىمالىرى بولىداق رىۋايەت قىلىدۇلەركى، مىلادىيە 1026-يىلى ئىمامى ئەھمەد، ئىمامى زەينۇل ئابىددىن، ئىمامى مۇھەممەد، ئىمامى ئەپتەھ، ئىمامى ئىبلى ئەكبەر، ئىمامى ئىبلى ئەنۋەر، ئىمامى ئىبلى ئەسقەرلەر بىرنەچچە مەملىكەت ۋە شەھەرلەرنى ئىسلامغا بەيئەت قىلدۇرغاندىن كېيىن، بۇ جايغا كەلدى. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان خوتەن خەلقىنىڭ ئاكا-ئۇكا چوكتى رىشىت، نوكتى رىشىت ئىسىملىك باشلىقلىرى جاھىللىق ھەم جانپىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇن نەچچە قېتىملىق جەڭدە بالدۇر-كېيىن بولۇپ يەتتە ئىمام(يۇقىرىدا ئىسمى زىكرى قىلىنغانلار) ۋە ئۇلارنىڭ يەتتە قىزى شېھىت بولدى. يەتتە ئىمامنىڭ جەستى بۇ تاشلىققا دەپنە قىلىندى. بۇ بىر تۇغقانلارنىڭ ئىچىدە قابىلىيەت ۋە ئەمەلدە ئىمامى ئەپتەھ يۇقىرى بولغانلىقتىن بۇ زاراتگاھلىقمۇ ئىمامى ئەپتەھنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى“.

ئەينى يىللاردا بۇ يېقىن ئەتراپتا يۇرت-مەھەللە يوق ئىدى، كېيىنچە قاراقاش، خوتەندىن، ھەتتا يەكەن، قەشقەر، كېرىيە قاتارلىق جايلاردىن بۇ مازارغا كېلىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغان كىشىلەر يىلدىن-يىلغا كۆپىيىۋېرىپ، تەخمىنەن تۆت يۈز يىل ئىلگىرى تۇنجى قېتىم بۇ قەبرىنى ئىچىگە ئېلىپ تۇرىدىغان پىششىق خىشلىق ئۆي سېلىنغان. يېقىن ئەتراپتا يۇرت-مەھەللىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋە كىشىلەرنىڭ يەتتە ئىمامغا بولغان ھۆرمەت-ئىخلاسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىسەللەر ”ناۋادا ئۆلۈپ كەتسەم يەتتە ئىمامنىڭ مازىرىغا دەپنە قىلغىلار“ دەپ ۋەسىيەت قىلىدىغان بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە بۇ مازاردىكى كونا-يېڭى قەبرىلەر تەخمىنەن 15 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، ھازىر يىلىغا تەخمىنەن 300 قەبرە قوشۇلۇپ تۇرماقتا. مازارنىڭ كۆلىمى 350 مو بولۇپ، تېرىلغۇ ئېتىزلىرىغا دەخلى قىلماي كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بار زېمىن 200 مو كېلىدۇ. قەبرىلەر ھازىرقى سۈرئەتتە كۆپىيىۋەرسە يەنە 20—30 يىلدىن كېيىن گۆرلۈك يەر تۈگەپ كېتىدۇ. بۇ مازارنىڭ ئاستىمۇ، ئۈستىمۇ تاشلىق بولغانلىقتىن گۆر كولاش قىيىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئاقسارايى، زاۋا يېزىلىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بۇ مازارغا دۇئا-تەلەپ قىلىشقا كېلىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىنى، بۇ مازارنىڭ ھەقىقەتەن قەدىمىي ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىۋاتىدۇ ھەم بۇ مازارغا دەپنە قىلىنىۋاتىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە يەتتە ئىمامنىڭ قەبرىسى ئورۇنلاشقان ئۆينىڭ كۆلىمى 820 كۋادرات مېتىرغا، جامەنىڭ ئىچكىرى-تاشقىرى نامازخانىسى، تاھارەت ئېلىش ئۆيلىرى، سۇخانا، پەشتاق ئورنىنىڭ كۆلىمى 13 مىڭ 370 كۋادرات مېتىر( 20 مودىن جىقراق)غا يەتتى. رەڭدار نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ئېگىز پەشتاق يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ جامەگە ئادەتتە جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا 10 مىڭ، ھېيت نامىزىنى ئوقۇشقا 15 مىڭ ئادەم توپلىنىدۇ.

ھەر يۇرتنىڭ بازىرى ئادەتتە شۇ يۇرتنىڭ ئادەم كۆپ، ئاۋات يېرىگە جايلىشىدۇ. لېكىن بۇ مازارنىڭ يېنىدىكى جۈمە بازىرى مازارغا تاۋاپ-ئىبادەت قىلىشقا كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپ بولغىنى ئۈچۈنلا يۇرتنىڭ چەتكە-تاشلىق سايغا مۇقىملىشىپ قالدى.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

❶ بۇ مازارنىڭ ئەرەب يېزىقىدىكى تەزكىرىسىنى سايباغ يېزىلىق پارتكوم بىرلىك سەپ ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى قۇربانئىياز مۇسا 1995-يىلى 4-ئايدا مەزكۇر يېزىلىق ئابدۇۋاھاب مەخسۇم، ئابدۇللا ھاجىم، ئابدۇقادىر ئاخۇنۇم، روزىمۇھەممەد ھاجىم قاتارلىق ئۆلىمالارنى تەشكىللەپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرغان. تەزكىرىگە ئاساسلانغاندا ئىمامى ئەپتەھ ئىمامى ھۇسەيىننىڭ توققۇزىنچى ئەۋلادى ئىمامى قاسىمنىڭ يەتتە ئوغلىنىڭ تۆتىنچىسىدۇر. تۆت ئىمام زەبىبۇللا ئىمامى ئەپتەھنىڭ ئوغۇللىرىدۇر.

# جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى ئۆمەك باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى راخمان مەسئۇم مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مۇستافا ياڭ جىبو باش كاتىپ بولۇپ تەشكىللەنگەن جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى 3-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 7-كۈنىگە قەدەر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا جۇڭگودىن بارغان ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ خىزمىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ ۋە بىرمۇنچە دوستانە دىپلوماتىيە خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، ساق-سالامەت ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان ھەج تاۋاپىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى ھەم دىنىي خىزمەت، ھەم چوڭ كۆلەملىك دىپلوماتىيە خىزمىتى بولۇپ، بۇ خىزمەتكە ھۆكۈمىتىمىز ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. شۇڭا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەر يىلى بۇ خىزمەتنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىسى دەپ قاراپ، نۇرغۇن ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلەشتىن سىرت، ھەر يىلى مەخسۇس خىزمەت ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتىپ، جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇش بىلەن ھەر يىللىق ھەج خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاپ كېلىۋاتىدۇ. 1986-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنى ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇرۇشقا باشلىغاندىن بۇيان، 40 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئاللاتائالانىڭ شاپائىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىۋالدى. بۇ ھال، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىۋېلىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان ۋە شارائىت ھازىرلىغان كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەملىكىتىمىزدە ئىجرا قىلىنىۋاتقان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ كونكرېت نامايان بولۇشى بولۇپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا خەلقئارادا ئىجابىي ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، بۇ يىل دۇنيا بويىچە بۇ يەرگە كېلىپ ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سانى 1 مىليون 730 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلاردىن چەت ئەلدىن كەلگەن ھاجىلار 1 مىليون 170 مىڭ ئەتراپىدا، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆزىدىن ھەج قىلغۇچىلار 560 مىڭ ئەتراپىدا (بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان چەت ئەللىكلەر). بۇ يىل تارىختا ھەج قىلغۇچىلار سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىل ھەج قىلغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغان دۆلەت ھىندونېزىيە بولۇپ، بۇ بىر دۆلەتتىنلا 200 مىڭ ئادەم ھەج قىلغىلى بارغان.

بۇ يىل جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 20دەك ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن 11 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 2500دىن ئارتۇق مۇسۇلماننى (بۇنىڭ ئىچىدە، شىزاڭدىن توققۇز نەپەر زاڭزۇ مۇسۇلمانمۇ بار) ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇردى، شۇنداقلا، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە بىنا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا باشچىلىقىدىكى توققۇز كىشىنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكى قىلىپ ئۇيۇشتۇردى. بۇ ھاجىلار 3-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھۆددىگە ئالغان توققۇز چوڭ ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ ساق-سالامەت سەئۇدى ئەرەبىستانىغا يېتىپ باردى. ئۇنىڭدىن باشقا نەچچە مىڭ تارقاق ھاجىلارمۇ مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئالدى- كەينىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا يېتىپ باردى. بۇ يىل شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەندىنمۇ 50 نەچچە نەپەر مۇسۇلمان ھەج قىلىشقا باردى.

شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار ۋە تۇنجى تۈركۈم ھاجىلار تۇنجى ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭ خەلقئارا ئايرودرومىدىن يولغا چىقىش ۋاقتىدا، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يۈسۈف مۇھەممەد ئەل مەدانى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، نۇئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، مۇئاۋىن باش كاتىپ مالىك مىيان قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار ئايرودرومغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويغاندى. خىزمەت ئۆمىكىدىكىلەر ۋە ئاخىرقى ئايروپىلاندىكى ھاجىلار بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىنمۇ رەھبەرلەر ۋە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئايرودرومغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەم ئۇلارنىڭ ھەج خىزمىتى ۋە ھەج پەرزىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

دۆلىتىمىزنىڭ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان خىزمەت ئۆمىكىدىكىلەر سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ھەج پەرزىنى تولۇق ئادا قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ماسلىشىپ، جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ھەج پائالىيىتى، ياتاق، تاماق، كۈتۈۋېلىش-ئۇزىتىش قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ ھەم ۋاقتىنچە يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ۋە تولۇق ئادا قىلىۋېلىشىغا قولايلىق شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى. بولۇپمۇ 4-ئاينىڭ 15-كۈنى (زۇلھەججەنىڭ 8-كۈنى، يەنى رەسمىي ھەج تاۋاپنىڭ تۇنجى كۈنى) مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنىڭ مىنا رايونىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بارغان ھاجىلار چېدىردا تۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دۇئا-تىلاۋەت ۋە ھەج پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر چاغدا، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى نەچچە ئون مىڭلىغان چېدىرنى كۆيدۈرۈپ بولۇپ، جۇڭگو ھاجىلىرى ياتقان چېدىرلارغا يېقىنلىشىپ، ھاجىلارنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغاندا، خىزمەت ئۆمىكىدىكىلەر تەمكىنلىك ھەم دادىللىق بىلەن ھاجىلارنى يېقىن ئەتراپتىكى تاغ ئۈستىگە چېكىندۈرۈپ، ئاللاتائالانىڭ شاپائىتى بىلەن ھاجىلارنى خەۋپ-خەتەردىن ساقلاپ قالدى.

بۇ يىلقى ھەج تاۋاپنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، باش ئۆمەك قارىمىقىدا مەملىكەت بويىچە 11 شۆبە ئۆمەك ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن بارغان ھاجىلار كۆپرەك (1200دىن ئارتۇق) بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى راخمان مەسۇم ئۆمەك باشلىقى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتې-

ىنىڭ مۇدىرى روزى ھاجى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خەن بىڭلار مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئىسلام باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت تۇرسۇن ھاجى باش كاتىپ بولغان شىنجاڭ ئۆمىكى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن ۋە بىڭتۇەندىن ھەم بىر قىسىم تارقاق ھاجىلاردىن 12 شۆبە ئۆمەك ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى.

ھەرقايسى شۆبە ئۆمەكلەرگە ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن ۋە جايلاردىن مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، جاپاغا چىداپ ئىشلەيدىغان، ئىقتىدارلىق كادىرلار تاللاپ سەپلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەج تاۋاپ پەرزىنى تولۇق ئادا قىلىشتىن سىرت، باش ئۆمەكنىڭ يېتەكچىلىكىدە كېچە ـ كۈندۈز ھاجىلار بىلەن بىللە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ، تەشكىللىي تۇرمۇش خىزمەتلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلاپ، ھاجىلارنىڭ لاياقەتلىك ۋە كۆيۈمچان باشلامچىسى بولۇپ ئىشلەپ، جۇڭگو ھەج خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى. باش ئۆمەك ۋە شۆبە ئۆمەكلەردىكى خادىملارنىڭ قايىل قىلارلىق خىزمەتلىرى ئارقىلىق، جۇڭگو ھاجىلىرى دۇنيا بويىچە 100دىن ئارتۇق دۆلەتتىن كەلگەن ھەر خىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان، ھەر خىل تەن قۇرۇلۇشىدىكى ۋە ھەر خىل مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان 1 مىليوندىن ئارتۇق ھاجىلار بىلەن بىرلىكتە ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بىر نىيەتتە ئىناق ھەج پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىۋالدى. بۇ خىزمەتلەردىن جۇڭگو ھاجىلىرى چىن دىلىدىن مەمنۇن ۋە رازى بولۇپ، ھۆكۈمەتكە، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە تەشەككۈرلەر ئېيتىشتى.

خىزمەت ئۆمىكىدىكىلەر يەنە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭگودىن تارقاق بارغان نەچچە مىڭ ھاجىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالدى، ئۇلار تۇرغان بىرمۇنچە مېھمانخانىلارغا بېرىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى، ئۇلار يولۇققان بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى، بۇ ئارقىلىق، بۇ بىر تۈركۈم ھاجىلارنىڭ ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىۋېلىشىغا يار ـ يۆلەكتە بولدى.

بۇ قېتىمقى ھەج مەۋسۇمى مەزگىلىدە، ئۆمەك باشلىقى شەمشىدىن ھاجى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ۋەكالىتەن سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان بىرقاتار مۇناسىپ پائالىيەتلەرگە قاتناشتى ۋە بىرمۇنچە دوستانە پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

شەمشىدىن ھاجى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى (ھىجرىيە زۇلھەججەنىڭ 1 ـ كۈنى) ئاللاتائالانىڭ ھىممىتى بىلەن كەئبە بەيتۇللانى غەسىل قىلىش (يۇيۇش) مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا مۇشەررەپ بولدى ۋە كەئبە بەيتۇللانىڭ ئىچىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، دىنىي ئىبادەت ۋە دۇئا ـ تىلاۋەتلەرنى ئېلىپ باردى؛ قوش ھەرەم شېرىپ خادىمى، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى فەھد بىننى ئابدۇلئەزىزنىڭ پادىشاھ مۇراسىمى ۋە پادىشاھ زىياپىتىگە داخىل بولدى؛ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى راخمان مەسۇم، باش كاتىپ مۇستافا قاتارلىقلارنى باشلاپ، جۇڭگونىڭ جىددە شەھرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئەلى لى جىنرېنىڭ ھەمراھلىقىدا، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەج ۋەزىرى مەھمۇد بىنىنى مۇھەممەد سەفەرنى زىيارەت قىلىپ، ھەج ۋازارىتىنىڭ جۇڭگو ھاجىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا ھەم جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىۋېلىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئالماشتۇردى؛ ھەج ۋازارىتىنىڭ مۇھاكىمە يىغىنى
ۋە زىياپىتىگە قاتناشتى ۋە ۋەزىر ئۆز قولى بىلەن
تەقدىم قىلغان كەسۋە (بەيتۇللا يوپۇقى) پارچىسى
قاتارلىق سوۋغىغا مۇيەسسەر بولدى؛ تېلېۋىزىيە
ئىستانسىسى ۋە گېزىت-ژۇرنال مۇخبىرلىرىنىڭ زى-
يارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگو مۇسۇل-
مانلىرىغا ۋە ھەج تاۋاپ خىزمىتىگە دائىر سورىغان
سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى ھەم ئۇلارغا مەملىكىتى-
مىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە
ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن
ياخشى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى.

شۇنداقلا يەنە خىزمەت ئۆمىكى دۇنيا ئىسلام
تەرەققىيات بانكىسى، "ئىقرا" خەيرىيە جەمئىيىتى
قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ھەمسۆھبەت
بولدى؛ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كونا دوستلىرىنى
يوقلىدى؛ جىددە، مەككە، مەدىنە، تايىف شەھەرلى-
رىدىكى بىر قىسىم سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇ-
راقلىشىپ قالغان جۇڭگولۇقلار ياكى جۇڭگو مۇھا-
جىرلىرى بىلەن، شۇنداقلا سەئۇدى ئەرەبىستانىدا
ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر، خۇيزۇ، موڭغۇل
مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى
ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى
ياخشى ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار قىلدى.

(رىشت ھاجى)

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ، ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى

بۇ يىل ھەج مەزگىلىدە دۇنيا ئىسلام ئىتتىپا-
قىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئى-
يىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت-
لەر-دىن ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىس يۇ-
سۇپ ئەيسا ئۆمەك باشلىقى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم
رايونى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇ-
ئاۋىن مۇدىرى ۋېن لى مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى،
گەنسۇ ئۆلكىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتې-
تىنىڭ مۇدىرى لى يىڭ باش كاتىپ بولغان توققۇز
كىشىلىك ھەج ئۆمىكى ئۇيۇشتۇردى، بۇ ئۆمەك
3-ئاينىڭ 29-كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا يېتىپ
باردى. ئۆمەك جىددە ئايرودرومىغا كەلگەندە، جۇڭ-
گونىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇ-
لى ئەلى لى جىنرېن، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بالدۇر
يېتىپ بارغان جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى-
نىڭ باشلىقى شەمشىدىن ھاجى، مۇئاۋىن باشلىقى
راخمان مەسۇم، باش كاتىپى مۇستافا ياڭ جىبو
قاتارلىقلار ۋە دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ خادىمى
ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۆمەك ۋەتەندىن يولغا
چىقىش ۋاقتىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇ-
ئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ،
نوئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد
سەئىد ما يۈنفۇ، مۇئاۋىن باش كاتىپ مالىك مىيان
قاتارلىقلار بېيجىڭدىكى خەلقئارا ئايرودرومىغا چى-
قىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەج
پائالىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلىگەنىدى.

بۇ ھەج ئۆمىكى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ
مەككە مۇكەررەمە شەھىرى مىنا رايونىدىكى مېھمان-
خانىسىغا چۈشۈپ ھەج پائالىيىتى ئېلىپ باردى.
بۇ جەرياندا، ئۆمەكتىكىلەر كۈندىلىك دىنىي پائا-
لىيەتلەر ۋە ھەج مەزگىلىدىكى ھەج پائالىيەتلىرىنى
تولۇق ئادا قىلىشتىن سىرت، ئۆمەك باشلىقى يۇ-

سۇپ ئەيسا دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۆمەككە ۋەكالىتەن كەئبە بەيتۇللانى غەسىل قىلىش (يۇيۇش) مۇراسىمىغا، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھىنىڭ پادىشاھ مۇراسىمى ۋە زىياپىتىگە قاتناشتى، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا بىننى سالىھ ئۇبەيدىنى زىيارەت قىلىپ، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئۆمەكنى تەكلىپ قىلغانلىقى ھەم كۈتۈۋالغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى، شۇنداقلا، باش كاتىپقا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

ھەج مەزگىلى جەريانىدا، يۇسۇپ ئەيسا قاتارلىقلار ۋاقىت چىقىرىپ، جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكىدىن شەمشىدىن ھاجى، راخمان مەسۇم، مۇستەفا ياڭ جىبو قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، جۇڭگو ھاجىلىرى چۈشكەن مېھمانخانىلارغا بېرىپ، ھاجىلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى؛ 4-ئاينىڭ 15-كۈنى مىنا رايونىدا چوڭ ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئوت ئاپىتى توختىشى بىلەنلا، ئۆمەكنىڭ باش كاتىپى لى يىڭ قاتارلىقلارنى جۇڭگو ھاجىلىرى ياتقان چېدىرلارغا ئەۋەتىپ، ئوت ئاپىتى مەزگىلىدە ساق-سالامەت تاغقا چېكىنىپ، تاغدىن ساق-سالامەت ئۆز چېدىرلىرىغا قايتىپ چۈشكەن جۇڭگو ھاجىلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. بۇ ھال سوراشلار ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ كېلىپ چەت ئەلدە ھەج پەرزىنى ئادا قىلىۋاتقان جۇڭگو ھاجىلىرىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، ھاجىلار ئۈستى-ئۈستىگە تەشەككۈرلەر ئېيتىشتى.

ھەج مەزگىلى ئۆتكەندىن كېيىن، ھەج ئۆمەكىدىكىلەر دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، تەكلىپكە بىنائەن باشقا ئەللەردىن كەلگەن ھەج ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە، مەدىنە مۇنەۋۋەرگە بېرىپ، پەيغەمبەر مەسچىتىنى ۋە باشقا ئىسلام تارىخىي ئىزلىرىنى زىيارەت قىلدى.

ھەج ئۆمىكى ھەج ۋە زىيارەت ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ، 4-ئاينىڭ 25-كۈنى ۋەتەنگە ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى. ئۇلار بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى ئايرودرومغا چىقىپ، ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە تەبرىكلىدى.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر تەھـرىر بۆلۈمـدىن رىـشىت ۋاھىدى بۇ ئۆمەك تەركىبىدە ھەج قىلىپ كەلدى.

(مەھمۇدى)

## ھەج مەزگىلىدە مىنا رايونىدا ئالاھىدە زور ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، جۇڭگو ھاجىلىرى ساق-سالامەت

بۇ يىل 4-ئاينىڭ 15-كۈنى (ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە 1417-يىل زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8-كۈنى) سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە مۇكەررەمە شەھىرى يېنىدىكى مىنا رايونىدا، بىر مىليوندىن ئارتۇق ھاجى ۋاقىتلىق تىكلىگەن چېدىرلاردا رەسمىي ھەجنىڭ تۇنجى كۈنىدىكى ھەج پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر چاغدا، تۇيۇقسىز ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، نەچچە سائەت ئىچىدە، تەخمىنەن 20 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىكى 70 مىڭدىن ئارتۇق چېدىرنى ۋە بىر مىليوندىن ئارتۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com


ئۇرۇن-كۆرپىلەرنى كۆلگە ئايلاندۇرۇپ تاشلىدى، بۇ جەرياندا، 340دىن ئارتۇق ھاجى قازا تېپىپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى، 2 مىڭدىن ئارتۇق ھاجى يارىدار بولۇپ دوختۇرخانىلارغا ئېلىپ بېرىلدى، يەڭگىل يارىلانغان نۇرغۇن ھاجىلار ئۆزلىرىنىڭ يارىلىرىغا پەرۋا قىلماي، پاناھلىق جايلارغا چېكىنىپ بېرىۋېلىپ ساق-سالامەت قالدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو ھاجىلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى باشچىلىقىدىكى خىزمەت ئۆمىكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز ۋاقتىدا ساق-سالامەت تاغ ئۈستىگە چېكىنىپ چىققۇالغاچقا، ئۇلاردىن ئوت ئاپىتىدە بىرمۇ ئادەم زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، پەقەت گەنسۇ ئۆلكىسىدىن بىر ئايال ھاجى جىددىيلەشكەنلىكىدىن يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، تېز قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى دۇنيادا زور تەسىر قوزغىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ ھەج تاۋاپ بەلگىلىمىسى بويىچە، زۇلھەججە ئېيىنىڭ (ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە 12-ئاينىڭ) 8-كۈنى تەرۋىيە كۈنى بولۇپ، ھەج قىلغۇچىلار شۇ كۈنى چۈشكىچە منا رايونىغا بېرىپ بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن تىكىلگەن چېدىرلاردا تۇرۇپ، پېشىن، دىگەر، شام، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ، ئۇ يەردە قونۇپ، ئەتىسى سەھەردە بامداتنى ئوقۇپ (جەمئىي بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ) بولۇپ، ئاندىن ئەرەفات تېغىغا قاراپ مېڭىشى كېرەك. بولۇپمۇ ھەنەفىيە مەزھىپى يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە منادا بىر كۈن تۇرۇشنى ۋاجىپ دەپ قارايدۇ. مۇشۇ مەزھەپ كۆز قارىشىدا بولغان جۇڭگولۇق ھاجىلار بۇ رەسمىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىش ئۈچۈن، زۇلھەججىنىڭ 7-كۈنى (مىلادى 4-ئاينىڭ 14-كۈنى) كېچىسىلا مەككە شەھىرىدىكى تۇرار جايىدىن ماشىنا بىلەن چىقىپ، 8-كۈنى ئەتىگەن سائەت 3 كىچە منادىكى چېدىرلىرىغا بېرىپ بولغانىدى. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ھاجىلىرىمۇ 8-كۈنى ئەتىگەنكىچە منا رايونىدىكى چېدىرلىرىغا كېلىپ بولغانىدى (مەككە بىلەن مىنانىڭ ئارىلىقى گەرچە 10 كىلومېتىردەك بولسىمۇ، ئەمما بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادەم بىرلا ۋاقىتتا مناغا قاراپ ماڭىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئادەم ۋە ماشىنىنىڭ كۆپلۈكىدىن قاتناش قولايسىزلىقى بولۇپ مناغا كېلىشكە ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى).

دەل مۇشۇ كۈنى (مىلادى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى) چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11دىن 45مىنۇت ئۆتكەندە، منا رايونىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى چېدىرلارغا ئوت كېتىپ، ناھايىتى تېزلا ئاسمانىنى ئىس-تۈتەك قاپلىدى، بۇ يەردىن ئۈچ-تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغ باغرىدىكى چېدىرلارغا جايلاشقان جۇڭگو ھاجىلىرىمۇ بۇ ئىس-تۈتەكنى كۆرۈپ تۇردى، بۇ كۈنى شامال كۈچى خېلىلا كۈچلۈك ئىدى، مەلۇم قىلىنىشىچە، شۇ چاغدىكى شامال سۈرئىتى سائىتىگە 34 كىلومېتىر بولۇپ، ئوت ناھايىتى تېزلىكتە شىمالغا قاراپ كېڭىيىۋاتاتتى. منا رايونىدا ھەر ئىككى-ئۈچ مىڭ ھاجىغا ئىككى-ئۈچ يۈز چېدىر ۋە تاماق ئېتىدىغان بىر چوڭ تاماقخانا ھازىرلانغان بولۇپ، تاماقخانىلاردا گاز تۇڭلىرى كۆپ ئىدى. شۇڭا، ئوت كەتكەن دائىرىنىڭ تېزلىكتە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ھە دىسىلا گاز تۇڭلىرىنىڭ پارتلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ھەربىر پارتلاشتىن كېيىن ئوت تېخىمۇ كۈچىيەتتى. خەۋەر قىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىمۇ تاماق ئېتىدىغان بىرگاز تۇڭىنىڭ پارتلىشى بىلەن باشلانغانىدى. چېدىرلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىگە تۇتاش بولغانلىقى، كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىككە تىكىلگەن چېدىرلار توپى ئارىلىقىغا پەقەت تار يول قويۇلۇپلا نەچچە ئون مىڭ چېدىر ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئوت تۇتۇشۇپلا كەتسە چېدىرلارنى قۇتقۇزۇش ناھايىتى

تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۈنى تېمپېراتۇرا
40 گرادۇس بولۇپ ناھايىتى ئىسسىق ئىدى، قە-
زىپ كەتكەن چېدىرلار ئۈستىگە ئازراقلا ئوت
ئۇچقۇنى چۈشسە ئوت ئالاتتى. بۇ چاغدا، ئاسمان-
دىن ئىس-تۈتەك جۇڭگو ھاجىلىرى تەرەپكە يې-
تىپ كەلگەنىدى، ئاپئاق ئېھراملىق ئىچىدىكى
ھەرقايسى ئەللەر ھاجىلىرىنىڭ ھېچنېمىگە پەرۋا
قىلماي پاناھلىق جاي ئىزدەپ تەرەپ-تەرەپكە قې-
چىشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئەنسىزلىككە سالاتتى.
شۇڭا، جۇڭگو ھەج خىزمەت ئۆمىكى جۇڭگولۇق
ھاجىلارنى نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ چې-
كىنىشكە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشقا ئورۇنلاشتۇر-
دى، شۇنداقلا، ئۇلارغا جىددىيلەشمەي، قالايمىقان
بولماي تۇرۇشنى تاپىلىدى. بۇ چاغ دەل چۈشلۈك
تاماق ۋاقتى بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇنلىغان ھاجىلار-
نىڭ دەككە-دۈككىدە تەييار تاماقنى ئېلىپ يېيىشكە
رەۋتى يوق ئىدى. ئەسلىدە ھاجىلىرىمىز تۇرغان
چېدىرلار بىلەن ئۇلغىيىۋاتقان ئوتنىڭ مەلۇم ئار-
لىقى بولغاچقا، خىزمەت ئۆمىكى، ئوت بىز تەرەپكە
يېتىپ كەلگۈچە ئۇنى تىزگىنلەپ ئالار دەپ مۆل-
چەرلىگەنىدى، ئەمما ئۇنداق بولمىدى. ئوت ناھا-
يىتى تېز سۈرئەتتە جۇڭگو ھاجىلىرى تەرەپكە كې-
لىشكە باشلىدى. ئاخىر خىزمەت ئۆمىكى جۇڭگو
ھاجىلىرىنى تەمترەمەي، قالايمىقان بولماي، رەتلىك
ھالدا ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان چېدىرلارنىڭ كەينىدىكى
تاغ ئۈستىگە چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق
قىلدى. تەن سالامەتلىكى ياخشى ۋە ياشراق ھاجى-
لار تېزدىن چېكىنىپ چىقتى، سالامەتلىكى ئانچە
ياخشى ئەمەس، ياشانغان ھاجىلارنى ياشراق ھاجى-
لار ۋە جايلاردىن ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەت كادىر-
لىرى بىر-بىرلەپ تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ قوي-
دى، بەزى كادىرلار نۇرغۇن قېتىم مۇشۇنداق
چىقىپ-چۈشۈپ يۈرگەچكە ئىس-تۈتەك دەستى-
دىن ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ئەمەسلا بىر ھالەتكە
كېلىپ قالغانىدى. ئىس-تۈتەك شۇنداق بولسىمۇ،
مەسئۇلىيەتچان ۋە كۆيۈمچان خىزمەت كادىرلىرى
ھەممە ھاجىلارنى چېكىندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن،
ئاندىن ئۆزلىرى چېكىنىپ چىقتى. ئەلھەمدۇلىللا!
ئوت ئاپىتى جۇڭگو ھاجىلىرى ياتقان چېدىرلارغا
يېقىن كەلگۈچە، جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ھەممىسى
تاغقا ساق-سالامەت چىقىۋالدى. بۇ چاغدا، سەئۇ-
دى ھۆكۈمىتى ئورۇنلاشتۇرغان، جۇڭگو ھاجىلىر-
غا مەسئۇل بولغان 84-ئىشخانا خادىملىرى داۋام-
لىق تۇردە جۇڭگو ھاجىلىرى چۈشكەن چېدىرلار-
نىڭ ئۈستىگە سۇ چېچىپ، ئوت ئۇچقۇنى چۈشۈپ
ئوت كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تۇردى. خىزمەتچى
خادىملار ۋە ئاخىرقى تۈركۈم ھاجىلار چېدىرلاردىن
چېكىنىپ تاغ ئۈستىگە 200 مېتىردەك بارغاندا،
جۇڭگولۇق ھاجىلار چېدىرلىرىنىڭ ئۇدۇلدىكى
ھىندونېزىيە ھاجىلىرىنىڭ نەچچە مىڭ چېدىرى
پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگىگەنلىكىنى كۆردى. خۇداغا
شۈكۈر! جۇڭگولۇق ھاجىلارنىڭ چېدىرلىرى بە-
لەن بولغان ئارىلىقتا كەڭ يول بولغانلىقى ئۈ-
چۈن، چوڭ ئوت يولدىن ئۆتۈپ جۇڭگو ھاجىلى-
رىنىڭ چېدىرلىرىغا تۇتۇشۇپ كېتەلمىدى. ئەلۋەت-
تە، سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش خا-
دىملىرىمۇ چوڭ ئوتنى يولدىن ئۆتكۈزمەسلىككە
پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى. شۇنداق بولغاچقا،
جۇڭگو ھاجىلىرى چېدىرلىرىغا قوشنا بولغان بىر
قىسىم چېدىرلارغا ئوت تۇتاشقان بولسىمۇ تېزلا
تىزگىنلەنگەنىدى. جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ بىرنەچچە چې-
دىرىغا ئوت ئۇچقۇنى چۈشۈپ كۆيۈشكە باشلىغان
بولسىمۇ، ئەمما سەئۇدى خادىملىرى دەرھال ئۆچۈ-
رۈۋېلىپ، ئوتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تۇتۇشۇپ كېتىشى-
نىڭ ئالدىنى ئالدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 2 لەردىن ئاشقاندا،
چوڭ كۆلەملىك ئوت ئاپىتى پەسەيگەنلىكى ئۈ-
چۈن، ھاجىلىرىمىز تاغ ئۈستىدىن تۆۋەنگە قاراپ

مىڭىشقا باشلىدى، سائەت 4 لەرگىچە ھەممىسى دېڭىزدەك تۇرار جايىغا قايتىپ چۈشتى. خىزمەت ئۆمىكىدىكىلەر تاغدىن چۈشۈپلا جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، دەرھال ۋەتەنگە تېلېفون بېرىپ، مىنا رايونىدىكى ئوت ئاپىتىدە جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ساق-سالامەت ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، مۇسۇلمانلارنى ھەم ھاجىلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى خاتىرجەم قىلىشنى ئۆتۈندى.

بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، نۇرغۇن ئادەم ۋە ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەپ قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى. ئالدى بىلەن نۇرغۇن ساقچىلارنى ئاجرىتىپ، ئوت ئاپىتى بولغان پۈتۈن مىنا رايونىنى قامال قىلىش بىلەن بىرگە بۇ يەرگە يېقىندىن ئادەم كېلىپ بۇ يەردىكى قىستا-قىستاڭچىلىقنى ئۇلغايتىۋېتىشنىڭ ۋە قالايمىقان بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالدى؛ نۇرغۇن ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىلىرى، خادىملىرى ۋە تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنى جىددىي ئوت ئۆچۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇردى؛ ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى بەش سائەتتەك داۋاملاشتى نۇرغۇنلىغان قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرى يارىدارلارنى دوختۇرخانىلارغا توشۇپ جىددىي قۇتقۇزدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن دەرھال مەككە، جىددە، تايىف قاتارلىق يېقىن شەھەرلەردىن ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم ۋە ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەپ كەلدى ۋە كۆيۈپ بولغان چېدىرلارنى، ئورۇن-كۆرپىلەرنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى تازىلاپ، قايتىدىن چېدىر تىكىشكە باشلىدى.

ھەج رەسمىيىتى بويىچە، ھاجىلار 6-چېسلا (ھىجرىيە بويىچە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9-كۈنى) ئەرەفاتتا بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن، 17-چېسلا (زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10-كۈنى يەنى قۇربان ھېيت كۈنى) كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى مىنا رايونىغا كېلىپ، زۇلھەججىنىڭ 12-كۈنىگىچە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، شەيتانغا تاش ئېتىشى، قۇربانلىق قىلىشى ۋە باشقا تائەت-ئىبادەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە چېدىرلار ھازىرلىنىشى كېرەك ئىدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى خادىملىرى 15-چېسلا كېچىسىدىن 16-چېسلا كېچىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا، مىنادىكى ئوت كەتكەن چېدىرلارنىڭ ھەممىسىنى تازىلاپ بولۇشتىن سىرت، 70 مىڭدىن ئارتۇق چېدىرنى ۋە بىر مىليوندىن ئارتۇق ھاجىنىڭ ئورۇن-كۆرپە، تاماقخانا قاتارلىقلىرىنى قايتىدىن تەق قىلىپ، ھاجىلارنىڭ ھەج پائالىيىتىنى ئوڭۇشلۇق ۋە تولۇق ئادا قىلىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئوت ئاپىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى فەھد بىننى ئابدۇلئەزىز قازا قىلغۇچىلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا مۇسىبەت تەزىيىسى بىلدۈردى ۋە ئاللاتائالادىن ئۆلىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ مۇسىبەتكە سەۋر-تاقەت ئاتا قىلىشنى تىلىدى.

شۇ كۈنلا (4-ئاينىڭ 15-كۈنى) بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئاننان بايانات ئېلان قىلىپ، بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىدىن ناھايىتى ئىچى سىرىلگەنلىكىنى، قازا تاپقۇچىلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىدىن ئەڭ سەمىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى، ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ئەڭ چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلارمۇ تېلېگرامما يوللاپ تەزىيە بىلدۈردى ھەم ھال سورىدى. جۈملىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن 17-چېسلا سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھىغا تېلېگرامما يوللاپ، مىنا رايونىدا بەختكە(ئاخىرى 62-بەتتە)

# ئەل سۆيەر خەير-ساخاۋەتچى دىنىي زاتلار

△ **تۇرپان ۋىلايىتىدىكى** ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرى ئۆتكەن يىلى ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن نامرات ئائىلىلەرگە 81 مىڭ 333 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى ھەمدە ۋىلايەتلىك مائارىپ تەرەققىياتى ئىشلىرى ئۈچۈن 137 مىڭ 851 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆتكەن يىلى 19-ئىيۇل توقسۇن ناھىيىسىدە پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەندە 309 مىڭ 747 يۈەن نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم توپلاپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان جايغا دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەردى. دىنىي زاتلار يەنە 25 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول، 311 كۆۋرۈك ياسىدى، 501 مېيىتنىڭ نامىزىنى خالىس چۈشۈرۈپ بەردى، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنىمۇ باشلامچى بولدى. (شاھمەردان)

△ **يېڭىسار ناھىيە ماڭشىن يېزا** تەۋەسىدىكى 71 نەپەر دىنىي زات ئائىلىسى بۇلتۇر يىل بېشىدىن بۇ يىل 3-ئاينىڭ ئاخىرىلىرىغىچە 135 نەپەر نامرات، "بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە"گە 4250 كىلوگرام ئاشلىق، 4350 يۈەن نەق پۇل، 85 ھاراۋا ئوتۇن، ئون توننا كۆمۈر، 155 قۇر ھەر خىل كىيىم-كېچەك ياردەم قىلدى. يېزا يول قۇرۇلۇشىغا 4000 يۈەن ياردەم بەرگەندىن باشقا، 68 ئورۇندىكى چوڭ-كىچىك كۆۋرۈكنى ھەقسىز ياسىدى. 27 كۆلنى ھەقسىز چېپىپ ئەتراپىغا تام توسۇپ بەردى؛ دىنىي زاتلارنىڭ بۇ خىل ئېسىل خىسلىتىدىن تەسىرلەنگەن ئامما ئۇلارنىڭ ئەل سۆيەر روھىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. (ياقۇپ ھاجى)

△ **يەكەن ناھىيە ئارال يېزىسىدا** يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بورداقچىلىق ۋە باشقا ھەر خىل ئىش قوشۇش كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ باي بولۇپ باشقىلارغا ئۈلگە تىكلىگەن 39 نەپەر دىنىي زات ئائىلىسى ئىسلام دىنىنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىش، كۆيۈنۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا تەۋەسىدىكى 97 نامرات، يېتىم-يېسىر، ئىگە-چاقىسىز كىشىلەرگە 2450 كىلوگرام ئاشلىق، 2100 كىلوگرام قوناق، 500 كىلوگرام گۈرۈچ، 16 مىڭ 100 يۈەن نەق پۇل، 108 قۇر كىيىم-كېچەك ياردەم بەرگەندىن باشقا، يەنە ئۇلارنىڭ 60 مو يېرىنى ھەقسىز ھەيدەپ بەردى، 9-كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئون توننا كۆمۈر ئېلىپ بەردى. قىيىنچىلىقى بار ئون ئوقۇغۇچىنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇش بەدەل پۇلىنى ۋە كىتاب-دەپتەر پۇلىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. دىنىي زاتلارنىڭ بۇ ئېسىل روھى يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

(ياقۇپ ھاجى)

△ **پىچان ناھىيىسىدىكى** ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرى ئۆتكەن يىلى ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن نامرات ئائىلىلەرگە 35 مىڭ 233 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى ھەمدە مائارىپنى قوللىغانلىق — ئەۋلادلارنى ئويلىغانلىق دەپ قاراپ، مائارىپقا 34 مىڭ 975 يۈەن نەق پۇل،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

5876 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بويۇم ئىئانە قىلدى.

ئۇلار يەنە ئۆتكەن يىلى 19-ئىيۇلدا توقسۇن ناھىيىسىدە يەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەندە ئۆزلىرى ئىئانىگە ئاتىغان 23 مىڭ 784 يۈەن نەق پۇل ۋە 186 مىڭ 317 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بويۇمنى ئۆزلىرى بىۋاستە ھەم دەل ۋاقتىدا توقسۇن ناھىيىسىگە يەتكۈزۈپ بەردى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دىنىي زاتلار 5243 مېتر ئۇزۇنلۇقتا يول، 96 كۆۋرۈك ياسىدى. 301 مېيتنىڭ نامىزىنى خالىس چۈشۈرۈپ بەردى.

ئۇلار يەنە توي مەرىكىلىرى ۋە نەزىر-چىراغلارنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشتىمۇ باشلامچى بولدى.

(كېرىم روزى)

# خەۋەرلەر

△ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەش مەكتىپىدە 1997-يىل 3-ئاينىڭ 17-كۈنى ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

مۇراسىمغا ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابدۇقادىر ھاجىم، ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ھامۇت ھاجىم، ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى مۇقارەپ ھاجىم، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ، ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەش نۇقتىسىنىڭ مۇدىرى يۈنۈس داموللا ھاجىم ۋە ھەرقايسى ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، دىنىي مەكتەپنىڭ بارلىق ئۇستاز-تالىپلىرى، شەھەر تەۋەسىدىكى بىر قىسىم ئابرويلۇق دىنىي زاتلاردىن بولۇپ جەمئىي 100دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

مۇراسىمغا مۇقارەپ ھاجىم رىياسەتچىلىك قىلدى. دىنىي مەكتەپنىڭ تالىپى ئابدۇنىياز قارىي قىرائەت قىلدى.

بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلار 61 نەپەر بولۇپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەردىن 1994-يىلى 3-ئاينىڭ 18-كۈنى ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان. بۇ تالىپلار كۇچا ۋە ئاقسۇدىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىدا بويىچە تەربىيىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئائىت كەسپىي بىلىملەردىن ئاساسلىقى «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىپ» ، «فىقھە» ، ئىسلام ئەقىدىلىرى، ئىسلام تەلىماتى، تەجۋىد، ئەرەب تىلى، «موفتىسدات» ، «تەپسىرى جالالەيىن» ، «مۇشكات شەرىپ» ، «قازى بەيزاۋى» قاتارلىق دىنىي دەرسلەرنى ۋە مەلۇم نىسبەتتە سىياسەت، مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ئۆگىنىپ، كەسىپ ھەم ئەخلاق جەھەتتە بىرقەدەر ياخشى تەربىيىلەندى.

مۇراسىمدا ھامۇت ھاجىم، يۈنۈس داموللا ھاجىم، مۇدەررىس ئەھمەد داموللاملار سۆز قىلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلارنىڭ كەڭ مۇسۇلمانلارغا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا تەشۋىق قىلىشنى ۋە ئەمەل قىلىشنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش

جەمەتتە ئۇلارغا ئۈلگە بولۇشنى ئۈمىد قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ كەمتەرلىك، تىرىشچانلىق بىلەن داۋاملىق ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ، بىلىم مەنبەسىنى تولۇقلاپ تۇرۇشنى، دىنىي پەرزلەرنى ئادا قىلىدىغان، ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان قابىلىيەتلىك ھەم لاياقەتلىك دىنىي خادىملاردىن بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلاردىن 11 نەپىرىگە ”شەرەپ گۇۋاھنامىسى“ ۋە مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىلدى، مۇدەررىس ئەھمەد داموللامغا تون سەرپاي ۋە ”شەرەپ گۇۋاھنامىسى“ تەقدىم قىلىندى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلارغا ”ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى“ بېرىلدى.

بۇ قېتىمقى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشقان ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كەم ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاشقا 30 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى.

(تۇرسۇنمۇھەممەت شەۋكەت)

▲ قۇمۇل ۋىلايىتىدە يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان 327 دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ ھەممىسىدە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى، خادىملىرى 1150كە يەتتى. ئۆتكەن يىلى ئېلىپ بېرىلغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش جەريانىدا 327 دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە 374 دىنىي كەسپىي خادىم تىزىمغا ئېلىنىپ، بۇ سورۇن ۋە خادىملارغا لاياقەتلىك كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. شۇنداقلا ۋىلايەت بويىچە ”بەشتە ياخشى“ دىنىي زات 82گە، ”بەشتە ياخشى“ دىنىي پائالىيەت سورۇنى 38گە يەتتى. بۇنىڭدىن ئاپتونوم رايون بويىچە تەقدىرلەنگەنلىرى سەككىزگە، ۋىلايەت بويىچە تەقدىرلەنگەنلىرى 44كە، ناھىيە (شەھەر) بويىچە تەقدىرلەنگەنلىرى 68گە يەتتى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى ۋە سىياسىي كېڭەشكە ئەزا بولغان دىنىي زاتلار 64 كە يەتتى، ئۇلار قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشماقتا.

▲ مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، باركۆل ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى،قازاق خەلقى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن دىنىي زات ۋە جامائەت ئەربابى ئارسان ئاۋغالى كېسىلى شىپا تاپالماي 1997-يىل 2-ئاينىڭ 21-كۈنى 63 يېشىدا باركۆل ناھىيىسىدە ۋاپات بولدى.

ئارسان ئاۋغالى ھاجىم 1934-يىلى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ سارچوقا يېزىسىدا بىر ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق دەۋرىدە ئاتىسى ئاۋغالى موللىدىن دىنىي بىلىم ئالغان. كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋە قۇمۇل سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1982-يىلدىن باشلاپ دىنىي خىزمەت ئۆتەپ كەلگەن بولۇپ، بۇ جەرياندا پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنى ئېتىقادچى ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ مېھنەت تەرى بىلەن باي بولۇشقا، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈشكە يېتەكلەپ، ئۆزى بۇ ئىشلاردا باشلامچى بولۇپ، كەڭ قازاق خەلقىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا باركۆل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 3-، 4-، 5-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى ۋە دائىمىي ھەيئىتى بولغان. مەرھۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ماتەم تېلېگراممىسى ئەۋەتتى ۋە قۇمۇل

ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرى باركۆل ناھىيىسىگە بېرىپ مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى. (يۇنۇس سادىق)

▲ **تۇرپان ۋىلايىتىدىكى** ھەر دەرىجىلىك بىرلىك سەپ، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بۇ يىل قۇربان ھېيت ھارپىسىدا ناھىيە(شەھەر)، يېزا (بازار)لارغا بېرىپ ياشىنىپ قالغان دىنىي زاتلار ۋە ۋەكىل خاراكتېرلىك دىنىي زاتلاردىن 140تىن ئارتۇق كىشىنى 4170 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇملار بىلەن يوقلاپ، ئۇلارغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مېھرى-شەپقىتىنى يەتكۈزدى. دىنىي زاتلار بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ۋە رەھبەرلەرگە كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. (شاھمەردان)

▲ **قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيىسىدە** يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ياخشىلىنىشىغا، بازار ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدا ھەشەمەتلىك، ئىسراپچىلىق قىلىدىغان ناچار كەيپىيات خېلى باش كۆتۈرۈپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي زاتلاردىن كۆپ قېتىم پىكىر ئېلىپ ۋە دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئېچىپ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈشنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشنى قارار قىلدى. نەتىجىدە بۇ ناھىيىدىكى دىنىي زاتلار مەسچىت ۋە ھەر خىل جامائەت سورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىپ»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، توينى ئۆز لايىقىدا ئاددىي ئۆتكۈزۈش، ھەشەمەتچىلىك قىلماسلىق، نەزىر-چىراغنى خالىس، ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈش جەھەتتىكى تەشۋىق-تەربىيىنى كۈچەيتىپ ھەم ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ، ئاممىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتتى، شۇنداقلا بۇ ھەقتە ئىككى مىڭ پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى. نەتىجىدە يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆتكۈزۈلگەن نەزىر-چىراغ ئىشلىرى خالىس قىلىنىدى، توي-تۆكۈنلەرنىڭ 60-70 پىرسەنتى ئاددىي ئۆتكۈزۈلدى. بۈگۈنكى كۈندە دىنىي زاتلارنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن بولغان بۇ پائالىيەتنى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، ھەر مىللەت خەلقى بارغانچە قوللاپ-قۇۋۋەتلىمەكتە. (ياقۇپ ھاجى)

▲ **تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى** «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرلۈك ۋەزىپىسى دەپ قاراپ، بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىمەكتە. 1997-يىل ھارپىسىدا شەھەر بويىچە 13 يېزا(بازار) مەيداندا مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش ئۇرنى تەسىس قىلىنىپ ھەم بۇ ژۇرنالنىڭ ئەھمىيىتى كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ، ئوقۇرمەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشتەرى بولۇش قىزغىنلىقى ئۆستۈرۈلگەنىدى. ھازىر بۇ جەمئىيەت ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسى بۇ ژۇرنالغا باشلامچىلىق بىلەن بىردىن، ھەربىر مەسچىت ئىككىدىن ئۈچكىچە مۇشتەرى بولۇشنى، ھەربىر دىنىي خادىم، قانۇن ۋەكىلى، ھەربىر مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى، ھەربىر مەھەللە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، يېزا(بازار)لىق بىرلىك سەپ كادىرلىرى بىردىن ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۈنجى قەدەمدە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. (شاھمەردان)

# ئاتاقلىق دىنىي زات، مەرھۇم ئوسمانشاھ ھاجىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىدىن ئۇنىڭ ئىزگۈ روھىغا بىر نەزەر

يۇنۇس سادىق

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش قۇمۇل شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ 1-نۆۋەتلىكتىن 5-نۆۋەتلىككىچە بولغان مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قۇمۇل شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق دىنىي زات ئوسمانشاھ ھاجى كېسەل بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1996-يىلى 12-ئاينىڭ 21-كۈنى 82 يېشىدا، ئۆز يۇرتى قۇمۇل شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇم دىنىي ۋەزىپە ئۆتىگەن ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بۇيان ھەمىشە ئاممىنىڭ غېمىنى يەپ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەندى، كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان مەزگىللەردىمۇ ۋەسىيەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ نەزىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنى ئېيتىپ، كەڭ جامائەتكە توي-تۆكۈن ۋە نەزىر-چىراغ ئىسراپچىلىقىنى تۈگىتىشنىڭ كاتتا نەمۇنىسىنى قالدۇرۇپ كەتتى. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ يۇقىرى سىياسىي ئېڭى، چوڭقۇر دىنىي بىلىمى، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلىتى بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ۋە ئاممىنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسى ھەم قوللىشىغا ئېرىشكەندى.

مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى توغرۇلۇق خەۋەر تارقالغاندا، ئامما ئۆزىنىڭ ياخشى يېتەكچىسى بولغان بۇ يۇرت ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ناھايىتى قايغۇردى. قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مەرھۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى ھەمدە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى ۋە ياخشى دوستىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئېچىندى. رەھبەرلەر مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن پىكىر سورىغاندا، ئۇلار مەرھۇمنىڭ نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئاددىيلا ئۆتكۈزۈشنى ئويلاشقانلىقىنى بىلدۈردى. رەھبەرلەر ۋەسىيەتنامىنىڭ مەزمۇنىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى، شۇنداقلا ۋەسىيەتنامىنىڭ نۆۋەتتە ۋىلايىتىمىزدە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان توي-تۆكۈن ۋە نەزىر-چىراغنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش ھەم بۇ جەھەتتىكى ئىسراپچىلىقنى تۈگىتىشتىكى چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى بايقاپ، ئۇنى يېزا-كەنتلەرگىچە تەشۋىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ كۈنى تۇپراق بېشىدا مەرھۇمغا بېغىشلاپ سۆزلەنگەن تەزىيە نۇتقى، تەزىيە خېتى ۋە ۋەسىيەتنامىنىڭ مەزمۇنى مېيىت ئۈزىتىشقا چىققان 5000دىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئاممىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

مەرھۇم ئوسمانشاھ ھاجى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قى ساھەسىدىكى ئىلغار شەخس، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە شەھەر بويىچە "بەشىتە ياخشى" دىنىي زات بولۇپ باھالانغان ھەم تەقدىرلەنگەن. مەرھۇم ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىغا لايىق دىنىي زات بولۇپ، ھايات ۋاقتىدا ئەنئەنىمىزگە خىلاپ كېلىۋاتقان، ئاۋامنى بىزار قىلىۋاتقان توي-تۆكۈن ۋە نەزىر-چىراغ ھەشەمەتچىلىكىگە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن. ئۇ 80-يىللاردىلا ئۆزىنىڭ يالغۇز قىزىنىڭ تويىنى باشلامچىلىق بىلەن ئاددىي ئۆتكۈزۈپ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، شۇنداقلا توي-تۆكۈن ۋە نەزىر-چىراغنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قىلچە بوشاشماستىن تەشەببۇس قىلغان ۋە بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەن. ئۇ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان مەزگىلدىمۇ خاتىرجەم بولالماي، ئۆزىنىڭ نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش ھەققىدە 11 تۈرلۈك ۋەسىيەت قالدۇرغان. بۇ ۋەسىيەتنامىنىڭ قالدۇرۇلۇشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. ھەربىر كىشىدە مەلۇم بىر ئېتىقاد بولىدۇ. ئوسمانشاھ ھاجىدا يۈكسەك ئىسلام ئېتىقادى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆز ئۆمرىدە كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ-ئارمىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىرادە باغلىغان يەنە بىر ئېتىقادىمۇ بار. شۇڭا، ۋەسىيەتنامىنىڭ ھەربىر ماددىسىغا دەۋرىمىز روھى نامايان قىلىنغان سۆزلەر دادىللىق بىلەن كىرگۈزۈلگەن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، مېيىت ئىگىلىرىگە، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا سەللە ئورايدىغان، ئاق پوتا باغلايدىغان، ئاياللارغا ئاق ياغلىق سالىدىغان، قىيىقچە تارقىتىدىغان بىدئەت ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىق، مېيىتنى ئېلىپ مېڭىشتىن بۇرۇن ۋە تۇپراق بېشىدا ئادەملەرنى تاللاپ ئالدىغا چاقىرىدىغان، پەرزەنتلەر قاتار نەزىر قىلىدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىق كېرەكلىكى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ھەم دەۋر ئەخلاقىغا ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

ئادەمنىڭ ھاياتى چەكلىك بولىدۇ، مەرھۇم ئۆزىنىڭ چەكلىك ھاياتىنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە بىزگە شەرەپلىك ياشاش ئۈلگىسىنى قالدۇرۇپ كەتتى. مەرھۇمنىڭ ئىماندىن نۇرلانغان، خەلققە پايدىلىق ئىشلار ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىدىغان ئىزگۈ روھى بىزگە يار بولغاي!

(ئاپتور: قومۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدىن)

---

(بېشى 56-بەتتە) قارشى ئالاھىدە زور ئۇت ئاپىتى يۈز بېرىپ نۇرغۇن ھاجىلارنىڭ قازا قىلغانلىقى ۋە يارىدار بولغانلىقىغا ھەم نۇرغۇن مال-مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىغانلىقىغا قاتتىق قايغۇ-ھەسرەتتە بولغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنداقلا، جۇڭگو خەلقىگە ۋەكالىتەن ۋە ئۆز شەخسى نامىدىن سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتىگە ۋە خەلقىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە قازا قىلغۇچىلار ۋە يارىدارلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىدىن سەممىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ گېزىتلىرى رەئىس جياڭ زېمىننىڭ تېلېگراممىسىنى تولۇق تېكىستى بىلەن باستى، شۇنداقلا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىمۇ بۇ ھەقتە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتىغا تېلېگرامما يوللىغانىدى. ھەج ئۆمىكى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يۈسۈف مۇھەممەد ئەل مەدانى مەخسۇس ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ، يوللىغان تېلېگراممىلارغا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەشەككۈر خېتىنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى. (مەھمۇدى)

# ئىسلام دىنىغا ئائىت ماقال-تەمسىللەر

△ ئاپەتكە سەۋەب قىل،
ئامەتنى تەلەپ قىل.

△ ئاتا-ئانا دۇئاسى ئوتقا، سۇغا پاتۇرماس.

△ ئاتا-ئانا هايات مازار.

△ ئاتا-ئاناڭنى باقساڭ،
بالىلىرىڭدىن ياخشىلىق كۆرۈسەن.

△ ئاتاڭنىڭ نەسىھىتىنى بالاڭغا يەتكۈز.

△ ئاخىرەت ئىززىتى كېرەك بولسا،
يېقىرلار بىلەن كېڭەش قىل.

△ ئادىمى ئۇلۇغ، يەر ئۇلۇغ.

△ ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ.

△ ئالتۇن ئالماي دۇئا ئال.

△ ئاللا بەرمىگەننى موللا بەرمەس.

△ ئانا ئايىغىدا جەننەت بار.

△ "ئانا"دىن ئۇلۇغ سۆز يوق.

△ ئانا رازى—خۇدا رازى.

△ ئاننى ئۇرما، ئۇۋالى بار.

△ ئەدەب ئەخلاق بازاردا تېپىلماس،
ئەدەبسىزگە ھېچكىم قېتىلماس.

△ ئەل رازى—خۇدا رازى.

△ بىسمىللا دېسەڭ تېشىڭدا دە،
دېمىگەنلەر دېسۇن.
شۇكۇر دېسەڭ ئىچىڭدە دە،
يېمىگەنلەر يېسۇن.

△ بىر ياخشىلىق مىڭ بالادىن قۇتقۇزار.

△ چوڭنىڭ بەرگىنى—خۇدانىڭ بەرگىنى.

△ خۇدادىن قورقىقاندىنمۇ قورق،
خۇدادىن قورقمىغاندىنمۇ قورق.

△ خۇدا ئۇرغاننى يۆلىگىلى بولماس.

△ خۇدا كەچ قويسا قويار، ئاچ قويماس.

△ دىلئازاردىن خۇدا بىزار.

△ دۇنيا ئىشىنى ئاخىرەتكە قويما.

△ رىمچى رىم سالار،
ئىچىڭگە غەم سالا.

△ سالام بېرىش پەرز،
ئىلىك ئېلىشمۇ پەرز.

△ سەدىقە بالانى يەر،
تووۋا گۇناھنى(يەر).

△ سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پىشار.

△ قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر.

△ قولۇڭدا قارچىغا تۇرۇپ،
"قۇ، قۇ"نىڭ نېمە ئىشى.
دىلىڭدا ئاللا تۇرۇپ،
"ھۇ، ھۇ"نىڭ نېمە ئىشى.

△ قېرىلار بۇ دۇنيانىڭ مېھنىتى.

△ مەرتنى مەيداندا كۆر،
سېخىينى جەننەتتە كۆر.

△ موللا مول ئېتەر،
ئوغرى يوق ئېتەر.

△ مۇسۇلمانچىلىق مەسچىتتىلا ئەمەس، ئەل ئىچىدە.

△ ھالاللىقنىڭ يولى بىر،
ھاراملىقنىڭ يولى مىڭ.

△ ھىيلە قىلغان تۇتۇلار،
تووۋا قىلغان قۇتۇلار.

△ ئۆزىنى تونۇغان خۇدانى تونۇر.

△ ئۆلگەننىڭ ئەيىبىنى كوچىلىما.

△ ئېغىر-بېسىق بولساڭ، خىزىر بولارسەن.

△ ئىشنىڭ بېشى بىسمىللا.

△ ئىنساپ—دىن ساپ.

△ ياخشى كۆن جەننەت،
يامان كۆن دوزاخ.

△ ياخشىلىق تۆرگە باشلايدۇ،
يامانلىق گۆرگە باشلايدۇ.

△ يارىتىش خۇدادىن،
يارىلىش ئۆزۈڭدىن.

تەييارلىغۇچىلار: شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد (شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىدىن)، ئىمىر مۇھەممەد (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدىن.)

www.uyghurkitap.com

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم

ژۇرنىلىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن! جاپالىق ئەجرىڭلار بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغا، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسەتنى توغرا چۈشىنىشىمىزگە، ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم-پەننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي يوسۇندا توغرا تونۇشىمىزغا ياردەمدە بولغان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى بىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئوقۇشلۇقىمىزنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بىز مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر، قازاق تەھرىر بۆلۈمىدىكى ۋە باشقا بۆلۈملەردىكى مۇسۇلمانلار سىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىڭلارنى قەدىرلەيمىز، خىزمىتىڭلارنى قوللايمىز. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز ژۇرنالغا بولغان مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، شۇنىڭدەك ژۇرنالنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سانلىرىدا بىزنى تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىپ، ژۇرنالغا ئازراق بولسىمۇ ئىئانىمىزنى ئاتىدۇق. ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلارسىلەر.

يىغىپ ئەۋەتكۈچى: زايىمخان شارىپ (جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى)

1. زايىمخان شارىپ قىزى 15 يۈەن، 2. كامىلجان تۇرسۇن 50 يۈەن، 3. شۆھرەت پازىلجان قىزى 15 يۈەن، 4. پەرىدە ماخمۇتجان قىزى 11 يۈەن، 5. كۆيۈش بالقىبېيت قىزى 11 يۈەن، 6. سەلىما سېپىۋسىنوۋا 11 يۈەن، 7. باھار مۇخامەدى قىزى 11 يۈەن، 8. بېك دۆكېي ئۇلى 11 يۈەن، 9. باقىت بايدوللا ئۇلى 11 يۈەن، 10. ئۈيىم ئاسىل قىزى 11 يۈەن، 11. پەزىلەت تۇرسۇن قىزى 11 يۈەن، 12. قالىيبېك كەنجى ئۇلى 10 يۈەن، 13. يۇلتۇز ئەخمەت 10 يۈەن، 14. دولقۇن قادىر 10 يۈەن، 15. مۇھەممەت ئىمىن 10 يۈەن، 16. ئەخمەتجان ھۇشۇر 10 يۈەن، 17. ياقۇپ مۇھەممەد روزى 10 يۈەن، 18. ئادالەت مۇھەممەت 10 يۈەن، 19. تۇرسۇن رەھىم 5 يۈەن، 20. رىسالەت ئابدۇللا 5 يۈەن، 21. خەيرىنسا روزى 5 يۈەن، 22. ئامىنا شورتانباي قىزى 5 يۈەن، 23. تابىرا ئابدۇشۇكۇر قىزى 5 يۈەن.

# ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۇر

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قايتا ئىشلەنگەندىن بۇيان، ژۇرنالدىن بەھرىمەن بولغان بىر قىسىم دىنىي قېرىنداشلار، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۆزلۈكىسىز تۈردە ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىسانە ئىئانە ئەۋەتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ژۇرنالنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئۇلارغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۇر ئېيتىدۇ.

ئاللاتائالا ئۇلارغا ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

## ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم شەرىپى

1. قاراماي شەھرىدىن: خالىس ئىئانىچى 100 يۈەن

2. جىڭ ناھىيىسىدىن: سابىدىن تۇرسۇن 200 يۈەن

3. تۇرپان شەھرىدىن: جالالىدىن جامال ھاجى 38 يۈەن

4. تۇرپان شەھرى يار يېزىسىدىن: شازادىخان ئېلى 73 يۈەن

5. تۇرپان شەھرى يار يېزىسىدىن: تۇردىخان مۇھەممەت 73 يۈەن

6. تۇرپان شەھرى يار يېزىسىدىن: رابىخان ھەمدۇل 73 يۈەن

7. توقسۇن ناھىيىسى ئاقتاشتىن: زورىخان ھاجى خېنىم 50 يۈەن

8. قۇمۇل شەھرىدىن: يۈسۈپجان يۇنۇس 100 يۈەن

9. ئاۋات ناھىيىسىدىن: ھۈسەنجان ھاجى مۆمىن 100 يۈەن

10. يەكەن ناھىيىسىدىن: ئابدۇرىشىت مەخسۇم ھاجى 100 يۈەن

11. قاغىلىق ناھىيىسىدىن: خالىس ئىئانىچى 100 يۈەن

12. پەيزىۋات ناھىيىسىدىن: ياقۇپ مۇئەززىن 50 يۈەن

13. يېڭىسار ناھىيىسى ئەگۈس يېزىسىدىن: تۇرسۇن ھىمىت 25 يۈەن

14. يوپۇرغا ناھىيىسىدىن: مەمتىئېلى كېرىم 20 يۈەن

15. قاراقاش ناھىيىسى قاراساي يېزىسىدىن: نۇرمەھەمەت مەخمۇت 50 يۈەن

16. نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن: مۇھەممەت ئىبراھىم 30 يۈەن

17. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن: رىشىت ھاجى ۋاھىدى 50 يۈەن

ئىئانە قىلغۇچىلار ئىئانىسىنى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە بىۋاسىتە ئەۋەتسە بولىدۇ، ئىسلام جەمئىيەتلىرى ياكى ئىشەنچلىك شەخسلەر ئارقىلىق توپلاپ يوللاپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئىئانىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئىئانە قىلغان پۇلنىڭ سانى ژۇرنالدا ئاشكارا ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىسمى چىققان ژۇرنال ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئىئانە قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ تەپسىلىي ئادرېسى ۋە پوچتا نومۇرىنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.


«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى



مالايشيانىڭ كىدا شىتاتى ۋەزىرى نادۇسلى سانۇشىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ باشچىلىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بەش كىشىلىك ۋەكىللىرى ئۆمىكى بۇ يىل 2-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 13-كۈنىگىچە مالايشيانى زىيارەت قىلغاندا، مالايشيا دۆلەت باشلىقى مۇھەممەد ماھاتىر (ئوتتۇرىدا) ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.




جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شەمشىدىن ھاجى 4-ئاينىڭ 13-كۈنى جىددە مۇبارەك شەھىرىدىكى ھەج ۋازارىتىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ھەج ۋەزىرى مەھمۇد بىننى مۇھەممەد سەفەرنى زىيارەت قىلىپ، سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى.



دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ھەج قىلىشقا بارغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۇسۇپ ئەيسا باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكى ئەزالىرى مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنىڭ مىنا رايونىدىكى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى مېھمانخانىسى ئالدىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق توپلىمى سېتىۋالغۇچىلار سەمىگە

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 1996-يىلدىن باشلاپ ئىسلىگە كەلتۈرۈلۈپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى ۋە مۇشتەرىلەر سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى. ئەمما يەنىلا بىر قىسىم كىشىلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تولۇق ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ژۇرنالنىڭ يىللىق توپلىمىنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. شۇڭا، مۇشتەرىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يىللىق توپلامنى ئىشلەپ چىقتۇق. سېتىۋېلىشنى خالايدىغان شەخسلەر ۋە ئورۇنلار ژۇرنالدىكى ئادرېس بويىچە پۇلنى بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە يوللاپ بەرسە، ژۇرنالنى ۋە پۇل تاپشۇرۇۋالغانلىق تالونىنى دەرھال پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىمىز.

ھەربىر توپلامنىڭ باھاسى 15 يۈەن (پوچتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

**ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**


## «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى»نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشردىن چىقتى

پاكىستانلىق مەشھۇر ئىسلام تەتقىقاتچىسى ۋە تارىخشۇناس سەئىد فەيياز مەھمۇدنىڭ نادىر ئەسىرى «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى»نىڭ ئۇيغۇرچىسى يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەردە ئەنئەنىچى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي كۆز قارىشى ۋە تارىخىي كۆز قارىشى بىرقەدەر ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىسلام تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر ئىچىدە مەلۇم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئاساسىي يىپ ئۈچى قىلىنىپ، 1400 يىللىق ئىسلام تارىخى بايان قىلىنغان، شۇنداقلا ماتېرىياللار خېلى مول بولغان بۇ كىتابتا، دىنىي ۋە تارىخىي مەزمۇنلاردىن باشقا، سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەنئەت، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىقلارغا دائىر مەزمۇنلارمۇ بار.

بۇ كىتاب ئەسلىدە ئىنگلىزچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى 1980-يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى، شۇ نۇسخىسىغا ئاساسەن، تۆت نەپەر پېشقەدەم تەرجىمان ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، بۇنىڭ تەرجىمىسىنى ھازىرقى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئىسلام تەتقىقاتچىسى شەمشىدىن ھاجى مول ماتېرىياللار ئاساسىدا تەھرىرلەپ بېكىتكەنىدى.

بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام تارىخى بىلىمى بىلەن تونۇشۇشىمىز ۋە بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزدا مەلۇم رول ئوينايدۇ.

ئىككى توملۇق بۇ كىتابنىڭ باھاسى 40 يۈەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ. پوچتا ئارقىلىق سېتىۋالغۇچىلار ئۈرۈمچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنى تارقىتىش بۆلۈمىدىكى ئەكبەر ئەلى بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ. پوچتا نومۇرى: 830001




ISSN 1007-5836

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»
1997-يىل 2-سان (ئومۇمىي 43-سان)

《中国穆斯林》(维吾尔文版)
1997 年第二期(总 43 期)

ژۇرنالنىڭ خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—1346/B
刊号 ISSN 1007—5836 / CN11—1346/B

9 771007 583001 06>

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ　باھاسى: 3.00 يۈەن
公开发行　定价：3.00 元